
ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 5

# بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى

2



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 5

7

# بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى

2

تۈزگۈچى: تاكاخاشى شوخې

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەجمۇئە نامى: ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 5 (7)

كىتاب نامى: بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

تۈزگۈچى: تاكاخاشى شوخې

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۈل

مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 5.125

نەشرى: 2011 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى

بېسىلىشى: 2011 - يىلى 3 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 1442 - 8

ئومۇمىي باھاسى: 224.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# مۇندەرىجە


1. «چاقماق» نى ئېزىقتۇرۇش دېلوسى .................... 1
2. توك توختاپ قالغان نەق مەيدان .................... 3
3. سۇ ھايۋانلىرى ئىلمى پىروفېسسورى .................... 6
4. ھەقىقىي قاتىل كىم .................... 8
5. رەڭ قارىغۇسى .................... 10
6. قۇيرۇقى چىقىپ قالماق .................... 13
7. قاچقان جىنايەتچىنى پەم بىلەن تۇتۇش .................... 17
8. سۇغا چۈشكەن چاچ ھۆل بولىدۇ .................... 20
9. ئايال ئوغرىنىڭ تۇتۇلۇشى .................... 22
10. ئۇ كىمنىڭ قىز دوستى .................... 25
11. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچى كىم .................... 28
12. بۇلۇڭدىكى كۆزەينەك .................... 30
13. ئىشخانىدىكى كىچىك شامالدۇرغۇچ .................... 33
14. قاتناش ۋەقەسى تۇغدۇرغۇچى .................... 35
15. زىيادە ئەقىللىقتىن كېلىپ چىققان خاتالىق .................... 37
16. ئوغرىنىڭ ئوغرىنى تۇت دەپ ۋارقىرىشى .................... 39
17. بىر دانە چىراغ .................... 41
18. رەسسامدىن قالغان مىراس .................... 43

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

19. پۇل نەگە يوشۇرۇلغان ............ 45
20. ئوت ئىچىدىن نەرسە ئېلىش ............ 48
21. دوت جىيەن ............ 50
22. ئەينەك ............ 52
23. قاتىللىق قورالى نەدە ............ 54
24. گۇمانلىق قوم ............ 56
25. يىپ ئۇچى دېرىزە ............ 58
26. ئوز ئاغزىدىن تۇتۇلماق ............ 61
27. ئاغمىخانىنىڭ سەكرىشى ............ 63
28. قاتىلنى تاپماق قىيىن ئەمەس ............ 65
29. بىخەتەر ئىشكاپنى نېمىشقا ئاچقىلى بولمايدۇ ............ 67
30. خاتا كىرىپ قاپتىمەن ............ 69
31. ئاسماندا تور، يەردە قاپقان ............ 71
32. مايمۇن ئويۇنى ئويناتماق ............ 73
33. ئېرىمەيدىغان مۇز ............ 75
34. قىزىل رەڭلىك كۆزەينەك ............ 77
35. ۋاقىتقا ئاساسەن ئەقلىي يەكۇن چىقىرىش ............ 80
36. يوچۇق ............ 82
37. چايكا يىپ ئۇچى ............ 84
38. ئەجەللىك ساياھەت ............ 86
39. ئېغىرلىققا ئاساسەن دېلو پاش قىلىش ............ 88
40. ئومۇمىي ساۋادى كەمچىل ............ 91

41. ساختا پۇل كىمنىڭ ........................ 93
42. دانىشمەنلىكمۇ كەتكۈزۈپ قويىدىغان چاغلىرى بار ........ 95
43. كەچ سائەت 12 ........................ 97
44. ئەقىللىق موماي ........................ 99
45. «ئوكيان» ناملىق پاراخوت ........................ 101
46. ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدىكى بىلىم ........................ 103
47. بىر قاراپلا بىلمەك ........................ 105
48. كىم ئوغرى ........................ 107
49. سىگارت چېكىش ئادىتى ........................ 109
50. يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش ۋەقەسى ........................ 111
51. يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلۇش ........................ 113
52. قىلتاق ئۈستىگە قىلتاق ........................ 115
53. بېلىق تۇتۇش ........................ 118
54. سۆزسىز ئىسپات ........................ 121
55. قورام تاش ئاپتوبۇستا بولغان بولسا ........................ 123
56. غەلىتە يېزىق ........................ 125
57. ئايلىنىۋاتقان قەبرە تېشى ........................ 127
58. توغرا ۋاقىت ........................ 129
59. پوچتا ماركىسى قەيەرگە كەتتى ........................ 132
60. نەق مەيدان يوق قاتىل ........................ 134
61. غەلىتە ئاياغ ئىزى ........................ 137
62. ئۇلار قەيەردىن كەلگەن ........................ 139

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

63. تېلېۋىزور سېتىۋېلىش ........................................ 141
64. گاز چىقىپ كېتىش ........................................ 143
65. باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ........................................ 145
66. يېزىپ بولۇنمىغان 8 ........................................ 148
67. ھىيلە ـ مىكرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ........................................ 150
68. قارىغا ئېتىش نىشاندىكى مەخپىيەتلىك ........................................ 152
69. يالغان گەپ ........................................ 154

# 1

## «چاقماق» نى ئېزىقتۇرۇش دېلوسى

چيەنداۋنىڭ بەيگە ئېتى «چاقماق» مۇھىم بىر مۇسابىقىدە تۇيۇقسىز ئۆلدى.

دېلو مەلۇم قىلىش ئەھۋالىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ساقچى تەرەپ، نەق مەيدانىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى گۇمانلىق ئادەمگە خەۋەر قىلدى، بۇنىڭ بىرى مۇسابىقىدىن ئىلگىرى «چاقماق» قا بوغۇز بەرگەن چيەنداۋ يېزى، يەنە بىرى ئات كۆندۈرگۈچى ساڭشەن ئىدى.

تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا چيەنداۋ يېزىنىڭ ئاتنىڭ بوغۇزىغا ئاق نەرسە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىرسى كۆرگەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق چيەنداۋ يېزى ئاتقا تۇز بەرگەن، چۈنكى ھاۋا ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتقا ئازراق تۇز بېرىۋەتسە، ئاتنىڭ قېنى قىزىپ، كۈچى ئاشىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئاتقا زەھەر بەردى دەپ گۇمانلىنىش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

ئات كۆندۈرگۈچى ساڭشەنىنىڭ بۇ ئات بىلەن بىللە بولغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن مۇسابىقە ۋاقتىدا ئۇ ئىزچىل مۇسابىقە مەيدانىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا قول سېلىش پۇرسىتى يوقتەك ئىدى. ساڭشەن ساقچىغا دەيدىغىنىنى دەپ بولۇپ، يانچۇقىدىن كىچىك ئەينىكىنى ئېلىپ، چېچىغا قاراپ قويىدى، بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى.

«چاقماق» ئەڭ ئاخىرقى توسۇقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئالدى-

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

دىكى بىر نەرسىدىن قورققاندەك تۇيۇقسىز بېشىنى سىلكىپ ئىزىدا قالايمىقان سەكرەپ ئۆزى ۋە ئات ئۇستىدىكى ئادەمنى يىقىتىۋەتتى. ساقچى ئەمەلدارى بۇ مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ: «ساگشەن ئەپەندى، توختاڭ» دېدى، يۇقىرى ئاۋازدا.

ساقچى ئەمەلدارىنىڭ توختىتىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇققاندىن كېيىن، ساگشەننىڭ پېشانىسىدىن پۇرچاقتەك تەر تامچىلىرى ئېتىلىپ چىقتى ۋە دەرھال ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى تاپشۇردى.

جاۋابى:

تۇرمۇشى ئانچە باياشات بولمىغان ساگشىن قىمار شىركىتىگە سېتىلغان. شۇنىڭ بىلەن «چاقماق» نى كۆندۈرۈش قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، مەشىق ۋاقتىدا ئاتنىڭ كۆزىگە ئەينەك بىلەن نۇر چۈشۈرگەن، شۇنداق قىلسا ئاتتا بىرسى ئۇرغاندەك سېزىم بولىدۇ... بۇ بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئاتتا بۇ خىل نۇرغا قارىتا شەرتلىك رېفلېكس شەكىللىنىدۇ. مۇسابىقە ۋاقتىدا ساگشىن مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قول سېلىش شارائىتى يوقلۇقىدىن ئىبارەت ساختا كۆرۈنۈش پەيدا قىلغان، ھەمدە ئىنتايىن مەخپىي ھالدا مەقسىتىگە يەتكەن.

# 2

## توك توختاپ قالغان نەق مەيدان

ئېرا كىيىم مودېلى مۇسابىقىسىنىڭ مۇكاپات تارقىتىش كەچلىك يىغىنى شەرق خەلقئارا سارىيىنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق سارىيىدا ئۆز قەرەلىدە ئېچىلدى، بۇ مۇسابىقىدە دەرىجىگە ئېرىشكەن ھەرقايسى تەرەپ گۈزەللىرى ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ مۇكاپات ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇسابىقىدا 1 - ، 2 - ، 3 - لىككە ئېرىشكەن يومېيزى، بېيداۋسەي سەيزە ۋە تىڭشياڭ قاتارلىقلار نۇرغۇن مۇخبىر ۋە ئوپېراتورلارنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى.

بۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك مۇسابىقە بولغاچقا، ئامانلىق ساقلىغۇچىلار توكيودىكى ئەڭ ياخشى شىركەتتىن تەكلىپ قىلىنغانىدى. بۇ يەردە ئادەم شۇنچە كۆپ بولۇپ، پۇقراچە كىيىنگەن ئامانلىق ساقلىغۇچىلار بۇ يەردىكى گۈزەللەر ئۇلار ئۈچۈن مەۋجۇت ئەمەستەك، ھوشيارلىقىنى قىلچە بوشاشتۇرمايتتى.

كۆپچىلىك تازا قىزىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز توك توختاپ قالدى. قاراڭغۇدا 5 بارماقنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

يىغىن مەيداندىن قالايمىقان تىللىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. سۇپەتلىك مەشقلەندۈرۈلگەن مودېللار ئەسلىدىكى قىياپىتىنى بۇزماي، توكچىلارنىڭ توك يولىنى رېمونت قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

8 مىنۇتتىن كېيىن چىراغ ياندى، ئادەملەر ئارىسىدىن ئايال كىشىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، مەيدان بىردىنلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قالايمىقانلىشىپ كەتتى. كۆڭۈل ئېچىش ساھەسىدە ئەمدى نامى چىقىشقا باشلىغان يومپېزى پۈتۈن بەدىنى قانغا مىلەنگەن ھالدا T شەكىللىك سەھنىدە ياتاتتى، ئۇنىڭ تىنىقى توختىغان بولۇپ، يۈرىكىگە بىر پاي ئوق ئېتىلغانىدى...

ساقچى دەرھال نەق مەيداننى قامال قىلدى، چىقىش ئىشىكى پەلەمپىيىنىڭ توك مەنبەسى ئۈزچات ساندۇقى ئۈستىدە بىر ئادەم ھەرىكەت قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بۇنىڭدىن قارانىيەتلەرنىڭ ئىككى بولۇپ، بىرىنىڭ توك مەنبەسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى، يەنە بىرسىنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتە 200 مېتىر ئارىلىقتىن زىيانكەشلىككە ئۈچرىغۇچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئاندىن قاراڭغۇدا قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ساقچى تەرەپ، شۇ كۈنى ئاخشىمى ئاشۇ يەردە بار كىشىلەرنى بىرمۇبىر تەكشۈرگەن بولسىمۇ، قاتىل تېپىلمىدى.

دېلو قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغان چاغدا، ئۆلگۈچىنىڭ بىر ژۇرنالغا بېسىلغان شەخسىي تۇرمۇشى ھەققىدىكى بىر خەۋەر بۇ دېلونى پاش قىلىشقا مەسئۇل ساقچى باشلىقىنى خۇش قىلىۋەتتى، تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ئادەم 3 بولۇپ، بۇ 3 ئادەمنىڭ ھېچقايسىسى نەق مەيداندا يوق ئىكەن.

يازغۇچى ئۆلگۈچىنىڭ نامى چىقىشتىن بۇرۇنقى دوستى بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقاندا قارىغا ئېتىش كوماندىسىغا قاتناشقان، مەرگەن دېگەن نامى بار. ئۇلار توي قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا يومپېزىنىڭ نامى چىقىشقا باشلىغان، شۇڭا ئۇنى تاشلاپ كەتكەن.

تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ فىلىم ئىشلىگۈچىسى يومپېزىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا كۆپ ياردەم قىلغان، لېكىن ئۇ قىمارغا خۇمار ئادەم بولغاچقا، نامى سېسىپ كەتكەن.

چاچ يۇيۇش مەلھىمى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، ئۇ ئېلان ئىشلەش جەريانىدا يومپېزى بىلەن تونۇشقان. كېيىن ئۇ يومپې-

زىنى تاشلىۋېتىپ، باشقا بىرسى بىلەن تېپىشقان بولۇپ، يومپېيزىنغا ياشلىق باھارىنى ناھۇت قىلىش قەرزىگە بوغۇلغان، شۇ سەۋەبتىن ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ كەتكەن ئىدى.

بۇ ئۈچ ئەرنىڭ نەق مەيداندا يوقلۇقى ھەققىدە ئىسپاتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ئادەم يالالاپ قاتىللىق قىلىش ئېھتىمالىنى چەتكە قاققىلى بولمايتتى!

قانۇن دوختۇرى جەسەت تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ساقچى باشلىقى دەرھال چاچ يۇيۇش مەلھىمى شىركىتىنىڭ دىرېكتورىنى قاتىل دەپ بېكىتتى.

ساقچى باشلىقى نېمىگە ئاساسەن بۇ دېلونى پاش قىلدى؟

جاۋابى:

توك تومتۇلۇپ قاراڭغۇ بولغان بولسىمۇ، ھەرقانچە ئۇستا مەرگەنمۇ قاراڭغۇدا بىر پاي ئوق بىلەن ئەجەللىك يېرىگە تەگكۈزەلمەيدۇ.

ئۇنداقتا قاتىل قانداق قىلدى؟

جەسەت تەكشۈرۈش دوكلاتى ساقچى باشلىقىنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغاتتى — قاراڭغۇدا نىشانغا تەگكۈزۈش ئۈچۈن، ئىنتايىن ئاجىز بولغان تەقدىردىمۇ يورۇقلۇق بولۇشى كېرەك. ئۆلگۈچىنىڭ سول كۆكرىكىدە يالتىراق بوياق ماددىلىق نەرسە بار. مۇنداق ماتېرىيالنى تەييارلىغان ۋە بۇ ھەقتە ساۋاتقا ئىگە بولغان ئادەم پەقەت يالتىراق بوياق ماددىسىنىڭ خاراكتېرىنى پىششىق بىلىدىغان ھەمدە ئۆلگۈچى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغان چاچ يۇيۇش مەلھىمى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى.

# 3

## سۇ ھايۋانلىرى ئىلمى پىروفېسسورى

ياپونىيە سۇ ھايۋانلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ پىروفېسسورى ئۆزىنىڭ ياردەمچىلىرى جۇشا، سوڭبىن ۋە جىسۇنلار بىلەن تىنچ ئوكيانغا كېلىپ مەلۇم بىر سۇ ھايۋىنىنىڭ تۇرمۇش ئادەتىنى مەخسۇس تەتقىق قىلماقچى بولدى. ئۇ يەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى 40مېتىر بولۇپ، سۇ بېسىمى 5 ئاتموسفېرا بېسىمغا توغرا كېلەتتى.

چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ياردەمچىلەر غەۋۋاسلىق كىيىمىنى كىيىپ بۇرۇنقىدەكلا بۆلۈنۈپ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىتلاردا تەتقىقات ئورنىغا ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل شياۋچۈەن تەتقىقات ئورنىغا كەلدى، ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا پىروفېسسورنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا مىلەنگەن ھالدا يەردە ياتقانلىقىنى كۆردى.

ساقچىلار نەق مەيدانغا كېلىپ تەكشۈرۈپ، ئۇنى باشقىلارنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلدى. دېلو سادىر بولغان ۋاقت سائەت بىر ئەتراپى ئىدى. بۇ يەردە پىروفېسسورنىڭ 3 ياردەمچىسىدىن باشقا، ئۇلارغا ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان شياۋچۈەنلا بار ئىدى. ساقچىلار تەھلىل قىلىش ئارقىلىق قاتىلنىڭ پىروفېسسورنىڭ 3 ياردەمچىسىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بېكىتتى. 3 ياردەمچىنىڭ ھەممىسى سائەت 12 دىن 40 مىنۇت

ئۆتكەن چاغلاردا تەتقىقات ئورنىدىن چىقىپ كېتىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى.

جوسا مۇنداق دېدى: «مەن تەتقىقات ئورنىدىن چىقىپ تەخمىنەن 15 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، چۆكۈپ كەتكەن پاراخوتنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر توپ سۇ هايۋىنىنى كۆزەتتىم.»

سوڭبىن مۇنداق دېدى: «مەنمۇ بۇ يەردىن چىقىپ ئىلگىرىكىدەكلا، 10 مىنۇتتىن كېيىن دېڭىز ئاستى يانار تېغىنىڭ يېنىغا باردىم، قايتىپ كەلگەن چاغ سائەت بىر ئەتراپى بولۇپ، چىڭجياڭنىڭ چۆكۈپ كەتكەن پاراخوتنىڭ يېزا ئىكەنلىكىنى كۆردۈم.»

جىسۇن مۇنداق دېدى: «مەن تەتقىقات ئورنىدىن چىقىپ، قۇرۇقلۇققا ئۈزۈپ باردىم، مەن قۇرۇقلۇققا چىققاندا تەخمىنەن سائەت 12 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەن ئىدى.»

ياردەمچىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ساقچى مۇنداق دېدى: «ئاراڭلاردا بىرىڭلار يالغان گەپ قىلدىڭلار، ئۇ جىسۇن، پىروفېسسورنى ئۆلتۈرگەن قاتىل شۇ.»

**جاۋابى:**

تەتقىقات ئورنى دېڭىز ئاستىنىڭ 40 مېتىر چوڭقۇر يېرىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بېسىم 5 ئاتموسفېرا بېسىمغا تەڭ بولغاچقا، ئۇ يەردىن سۇ يۈزىگە چىققۇچە بىر قانچە قېتىم ئارام ئېلىش كېرەك، شۇنداق بولغاندا، بەدەن تەدرىجىي هالدا بېسىمنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، غەۋۋاس كېسىلى بولۇپ قالمايدۇ. جىسۇن 15 مىنۇتتىلا يەر يۈزىگە چىققان، بەدىنىمۇ هېچنېمە بولمىغان، دېمەك ئۇ يالغان گەپ قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، جىسۇن پىروفېسسورنى ئۆلتۈرگەن قاتىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 4

## ھەقىقىي قاتىل كىم

شەخسىي رازۋېدكىچى گۇيتىيەن بىر ئادەمنىڭ خوتۇنىنىڭ باشقىلار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان ـ قىلمايدىغان CASE لىقىنى تەكشۈرۈپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

بىر ھەپتە مەخپىي ئىزىغا چۈشۈش ئارقىلىق گۇيتىيەن ئاساسىي ئەھۋالنى ئىگىلىدى. ھېلىقى ئادەمنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆزىنىڭ باشلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى بارئىكەن.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، گۇيتىيەن ھېلىقى خوتۇنىنىڭ باشلىقى ئالا كۆڭۈل خوتۇنپەرەس بىر ئادەم بولۇپ، يېنىدا نۇرغۇن ئاياللار بارلىقىنى بىلدى. گۇيتىيەن بۇ ئەھۋالنى خېرىدارىغا مەلۇم قىلدى، خېرىدار قاتتىق غەزەپلىنىپ، خوتۇنىنى بۇزۇق دەپ تىللىدى، ھېلىقى ئالاكۆڭۈل خوتۇنپەرەسنى «ئادەم ئەمەس نەرسە ئىكەن، مەن ئادەم تېپىپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن» دېدى.

گۇيتىيەن بۇنداق ئىشنى كۆپ كۆرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز نەسىھەت قىلىپ قويۇپ، پۇلنى ئېلىپ كەتتى.

كىم بىلسۇن، ئەتىسى ئەتىگەندە گۇيتىيەن گېزىت كۆرۈۋېتىپ، ئۆزى تەكشۈرگەن ھېلىقى خوتۇنپەرەسنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن چاناپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقتى. گۇيتىيەنىنىڭ ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان يېقىن دوستى گاڭسۇن بۇ دېلونى پاش قىلىشقا مەسئۇل بولغان ئىكەن. شۇڭا گۇيتىيەن دوستىنى تېپىپ دېلو ئەھۋالىنى سورىدى. گاڭسۇننىڭ چىرايى تۇتۇلغان

هالدا ئولتۇراتتى، ئۇ گۇيتيەننى كۆرۈپلا: «هازىر گۇمانلىق ئا-
دەم ئۇنىڭ بىلەن پايدا - مەنپەئەت توقۇنۇشى سەۋەبلىك قان
تۆكۈلۈشكە تاس قالغان بىر خىزمەتدىشى، لېكىن نەق مەيداندا
بىر چاقماق قېپقالغان بولۇپ، ئۇ چاقماقنىڭ كىمنىڭ ئىكەن-
لىكى نامەلۇم. هازىر ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئاشنىلىرى بىر - بىرلەپ
گۇماندارلار قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلىۋاتىدۇ. قاراڭ، بۇ دېڭىزدىن
يىڭنە ئىزدىگەندەك بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ. ساقچى باشلىقى دېگەن
ئەبلەخ ئۆزىنىڭ ئەملىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك
ئۈچۈن، بۇ دېلونى ئۈچ كۈن ئىچىدە پاش قىلىسەن دەۋاتىدۇ، بۇ
قېتىم تۈگەشتىم» دېدى.

گاڭسۇننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گۇيتيەن ئۆزى
ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى، ئاندىن هېلىقى
چاقماقنى كۆرۈپ، كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەنسىرىمەڭ، دېلونى بۈگۈنلا
پاش قىلىسىز» دېدى.

«چاقماق ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ بولسا، ئەمىسە بېرىپ ئۇنى
تۇتايلى» دېدى گاڭسۇن.

گۇيتيەن ئۇنى توسۇپ، قاتىل ئۇ ئەمەس، باشقا بىرسى دېدى.

**جاۋابى:**

[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# 5

## رەڭ قارىغۇسى

زەھەر تازىلاش گۇرۇپپىسى شىيەنرىنىڭ ئاغزىدىن مەشھۇر ئايال چولپان جىشياڭنىڭ K دۆلىتىدىكى بىر زەھەر ئەتكەسچىلەر گۇرۇھى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنىپ، ئۇنىڭغا ياپونىيەگە زەھەر يۆتكەشكە ياردەم بەرگۈزمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتى. زەھەر تازىلاش گۇرۇپپىسى قاتتىق نازارەت قىلىپ، جىشياڭ K دۆلىتىدىن قايتىپ مال تاپشۇرىدىغان چاغدا بىر يولىلا قولغا چۈشۈرمەكچى بولدى. لېكىن نازارەت قىلىدىغان ساقچىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى سەۋەبلىك، جىشياڭ ئۆزىنىڭ داچىسىدا باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

ساقچى تەرەپ دەرھال ئاختۇرۇپ تۇتۇشقا ئاتلاندى، نەتىجىدە ئىككى گۇمانلىق جىنايەتچىنى تۇتتى. بۇلارنىڭ بىرى رەڭ قارىغۇسى ئىدى. لېكىن بۇ ئىككى گۇمانلىق جىنايەتچى، راستىنلا قاتىللىق نەق مەيدانىدا يوقتەك، ساقچىلارغا پەقەت قۇيرۇقنى تۇتقۇزمىدى.

زەھەر تازىلاش گۇرۇپپىسى جىشياڭنىڭ ئۆيىنى تەپسىلىي ئاختۇرۇپ، ئۇ ساقلىغان بىرمۇنچە ئېگىز پاشنىلىق ئاياغنىڭ پاشنىسى ئىچىدىن پەقەت خېروئىنىنىڭ قالدۇقىنىلا تاپتى. ناھايىتى ئېنىقكى، زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھى جىشياڭنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن بايقىلىپ قالغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئىزىنى يوقىتىپ، زەھەرلەرنى ئېلىپ كەتكەن.



جىنسىياڭنىڭ ئەزەلدىن ئاياغ پاشنىسى يىغىپ ساقلاش بىلەن نامى بار بولۇپ، ئاشۇ زەھەر يوشۇرغان ئۆينىڭ ئىچىدىلا يۈز جۈپتىن ئارتۇق ئاياغ پاشنىسى، خۇددى ئاياغ دۇكىنىدەك رەڭگى بىلەن تۈرگە ئايرىپ تىزىپ قويۇلغانىدى.

زەھەر تازىلاش گۇرۇپپىسى ئاختۇرۇش جەريانىدا غەلىتە بىر ئىشنى بايقىدى: ئاياغ جازىسى ئۈستىگە تىزىلغان ئاياغلار بىلەن ئۇنىڭ ماركىسى ماس كەلمەيتتى.

ساقچى باشلىقى ئاياغ جازىسىغا بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ: «پاكىت تولۇق بولدى، سىلەر ئەمدى ئادۋوكاتىڭلارنى ئاۋارە قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ» دېدى.

جاۋابى:

ئادەتتە كۆپ كۆرۈلىدىغان رەڭ قارىغۇلىرى قىزىل، يېشىل رەڭ قارىغۇلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىككى خىل رەڭنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. گۇمانلىق كىشىلەر يەنى تۇتۇشقا ئىسپات يوق بولۇپ تۇرغاندا، جارىدىكى ماركا بىلەن تىزىلغان ئاياغلار ماس كەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار دېلونى پاش قىلىشقا ئاساس تاپقان.

# 6

## قۇيرۇقى چىقىپ قالماق

تەيفېڭ بورىنى چۈشكە ئارىلىنى ئارىلاپ، قۇم - شې-
غىللارنى ئېقتىپ، ئۆيلەرنى ئۆرۈپ، بۇ يەرنى ئېچىنىشلىق
خارابىلىككە ئايلاندۇردى. ھۆكۈمەت ۋە پىدائىيلار ياردەم بېرىش
جەريانىدا، بىر نەچچە جايدىن قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى باي-
قالدى.

بىر نەچچە ئالىي مەكتەپنىڭ تارىخ فاكولتېتى ئۆزلىرىنىڭ
تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قاز-
ماقچى بولدى. توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى گاۋيى
خېمىڭ ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن چۈەنداۋ بىلەن گوڭبىننى،
يەنە بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىسى چىچۈەن ئوقۇغۇچى-
لىرىدىن فىڭ بەنگاڭ بىلەن بېيسۇنلارنى باشلاپ كېلىپ، بۇ
يەردە تۇردى. ئۇلارنىڭ قېزىش نىشانى بىر تەرەپتە ئىدى.

بىر كۈن ئالدىراش بولغان كىشىلەر مېھمانخانىلارغا قايت-
تى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ تەتقىقاتچىلىرى بولسىمۇ، مىجەزى
ئوچۇق - يورۇق، ئوقۇغۇچىلار ئۇچراشقاندا سالاملىشىپ ئۆزئارا
تونۇشتى. ئەمما ئىككى ئوقۇتقۇچى بولسا بىر - بىرىگە سوغۇق
نەزەردە قارىشىپ يۈرەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، چىچۈەن جىلغىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىش-
نى باشلاي دەۋېتىپ ئۆزى كۆرگەن نەرسىدىن قورقىنىدىن
ۋارقىرىۋەتتى. توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى گوڭبىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



جىلغا ئىچىدە ئۆلۈك ياتاتتى.

ئىشتىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن ساقچىلار ۋە قانۇن دوختۇرلىرى نەق مەيدان ۋە جەسەتنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنىڭ بوينى قاتلىشىپ ئۆلگەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ يېنى جىلغا بولغاچقا ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. نەق مەيدان سۈرىتىدە ئۆلگۈچىنىڭ ئوڭ قولىنىڭ يېنىغا ئوچۇق قىلىپ «چۈەن» دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

ئېنىقكى، ئۆلگۈچى ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ كىملىكىنى پاش قىلماقچى ئىدى. گۇمانلىق كىشىلەر ئىچىدە «چۈەن» ئىسىملىك ئادەمدىن ئىككىسى بارئىدى.

دېلونى پاش قىلىشقا مەسئۇل ساقچى باشلىقى ئۆلگۈچىنىڭ مۇئەللىمى، ساۋاقداشلىرى ۋە چىچۈەن ھەم ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆزلەشتى.

چۈەنداۋ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىم ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ، ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتىم، لېكىن بۇ مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىمنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇ تۈنۈگۈن يېرىم كېچىدە چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدى، مېنىڭ ئۇيقۇم قاتتىق بولغاچقا، ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام ئۇ يوق ئىكەن، مەن ئۇنى يەنە ئەتىگەن تۇرۇپ كېتىپتۇ دەپ قاپتىمەن.»

«سىز ئۆزىڭىزنىڭ نەق مەيداندا يوق ئىكەنلىكىڭىزنى دېمىدىڭىز، سىز ھېچ بولمىغاندا بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ، ئۆزىڭىزنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلىمىدىڭىز. يەنە، گۇۋاھچىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى بارمۇ - يوق؟» ساقچى باشلىقى چۈەنداۋغا قاراپ تۇرۇپ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ شۇنداق دېدى.

«مەن... مەن... مەن ئۆزۈمنىڭ نەق مەيداندا يوقلۇقۇمنى

ئىسپاتلىيالمايمەن، لېكىن، مېنىڭچە چىچۆەن گۇمانلىق!... ئۇ ئۆز-
دىن باشقا، مەن گوڭبىننىڭ سولخەي ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.»
«سىز نېمىشقا ماڭا تۆھمەت قىلىسىز؟» چىچۆەن شۇنداق
غودۇرىدى.
«تۈنۈگۈن كەچتە ئىنتايىن قىممەتلىك بىر لاي قوچاق باي-
قالدى. سىز ئۇنى بىرلىكتە تەتقىق قىلايلى دېسىڭىز ئۇ رەت
قىلدىغۇ؟»
«توغرا، شۇنداق بولدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن سۈركىلىشىپ
قالدىم، مېنىڭچە ئەڭ گۇمانلىق ئادەم سىز...» بۇ گەپلەر
چىچۆەننى خاپا قىلدى.
ساقچى باشلىقى چىچۆەنگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن قاي-
مۇقۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. بولدى، ئەمەلىيەتتە ئۆلگۈچىنىڭ
ئۆزى سولخەي، شۇڭا مەن گوڭبىننى سىزنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى-
ڭىزنى بىلىشىم كېرەك ئىدى» دېدى.

جاۋابى:

ئۆلگۈچى ياردىن چۈشۈپ كېتىپ بوينى قاتلىشىپ
نەق مەيداندا ئۆلگەن تۇرسا، قانداق خەت يازالايدۇ.
شۇڭا ئۆلگۈچىنىڭ قولىدىكى خەتنى قاتىل يازغان. گوڭ-
بىننى چۈشىنىدىغان چۆەنداۋ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ،
چۈنكى ئۇ ئۆلگۈچىنىڭ سولخەي ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ،
چۆەنداۋ ئادەم ئۆلتۈردى دېيىلگەندىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ
ئىسمىنى ئۆلگۈچىنىڭ ئالقىنىغا يېزىپ قويمايدۇ. بۇ
يەردە پەقەت چىچۆەنلا قالغان بولۇپ، ئۇ گوڭبىننى ئۆل-
تۈرگەن جىنايەتنى چۆەنداۋغا ئارتىپ قويماقچى بولغان.

## مونالىزانىڭ ئوغرىلىنىشى

دۇنياغا مەشھۇر رەسىم «مونالىزا» ئىتالىيەنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى رەسسام لونادرو. داۋىنچ تەرىپىدىن 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىزىلغان چىراي قىياپىتى رەسىمى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل ھالدا پارىژنىڭ لوۋىر ئوردىسىدىكى گۈزەل سەنئەت سارىيىدا ئېسىقلىق ئىدى.

1911 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەتىگەندە، بۇ رەسىمنى ئىتالىيەلىك پوركىيا ئوغرىلاپ كېتىدۇ، كېيىن ئۇ پۇلغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىپ، ئىتالىيەلىك رەسىم سودىگىرىگە ساتىدىغان چاغدا پاش بولۇپ قېلىپ قولغا ئېلىنىدۇ. «مونالىزا» مۇ ئىتالىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پارىژغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. سوت پوركىياغا جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، لېكىن ئۇ رەسىمنى «ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىدىن چىقىپ ئوغرىلىدىم» دەپ تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىدۇ.

# 7

# قاچقان جىنايەتچىنى پەم بىلەن تۇتۇش

بۇيرۇققا ئاساسەن ماشىنىچى قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان تۇ-پىپى خىلۋەت بىر جايدىكى كىيىم تىكىش دۇكىنىدا، تۇرمىدىن قاچقان بىر جىنايەتچىنى توسۇپ تۇراتتى، كۆڭلىدە باشلىقىنى تىللايتتى: «قاپاقباش، مېنى مۇشۇنداق ئەخمىقانە ئىشقا سالدى، بۇنىڭ دەرەخ تۈۋىدە توشقان كۈتۈشتىن نېمە پەرقى بار؟ كىم مېنى پراكتىكانت ساقچى بولۇپ قالسۇن دەپتۇ.»

تۇيۇقسىز ئېگىز بويلۇق بىرسى دۇكانغا بوراندەك كىرىپ كېلىپ، ناھايىتى قوپاللىق بىلەن «ئەبلەخ، غوجا ئاكاڭغا بىر قۇر كىيىم تەييارلاپ بەر» دېدى. تۇپىپى قاراپلا ھاڭۋېقىپ قال-دى. كۆڭلىدە بولسا، قارىغاندا ھېلىقى ئەبلەخنىڭ پەمى بار ئى-كە، ئۇ بۇ ئەبلەخنى قانداقمۇ تۇتالىسۇن شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ ئەتىۋارلاشقا ئېرىشەلمەيدۇ ـ دە، دەپ ئويلايتتى. ئۇ-نىڭ خىيالى تېخى ئاخىرىغا چىقمايلا قاچقۇن جىنايەتچى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. تۇپىپى دەرھال ئۇنىڭغا بىر قۇر كىيىم كىيدۈردى، تېخى سەۋرچانلىق بىلەن كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى. توپىپى ئۇنىڭغا، چىقامسىز، ئاۋايلاڭ، دەپ تۇرۇشىغا، قاچقۇن جىنايەتچى ھۆركىرىدى: «ھەي، غوجا ئاكاڭنىڭ يالاڭ ئا-ياغ ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟» دېدى.

توپىي ئاڭلاپ «ھە، ھە» دېدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتكە-نىدى. ئۇ دەرھال بىر جۈپ ئاياغ ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا كىي-

دۇردى.

قاچقۇن جىنايەتچى ماڭاي دەپ تۇراتتى، توپپىنىڭ: «ھەي، كاساڭنىڭ ئۇچۇق تۇرغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ، ئېمىشقا يىقىلىپ چۈشمەيسەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلىدى. گەپنىڭ ئايىغى چۈشە - چۈشمەيلا، تېخى نەچچە قەدەم ماڭمىغان جىنايەتچى يىقىلدى، ئىشتىنىمۇ چۈشۈپ كېتىپ، كاسىسى ئېچىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن توپپي ئۇنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا قولغا چۈشۈردى.

جاۋابى:

توپپي قاچقۇن جىنايەتچىگە كىيىم كىيدۈرۈش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىشتان بېغىغا ھىيلە ئىشلىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئىشتىنى چۈشۈپ كەتكەن پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۇتۇۋالماقچى ئىدى. ئويلىمىغان يەردە قاچقۇن جىنايەتچى يەنە، ئاياغ كىيدۈرۈپ قوي، دېدى. شۇنىڭ بىلەن توپپي ئۇنىڭ ئاياغ بوغقۇچىنى بىرلەشتۈرۈپ چىگىپ قويدى. توپپي ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن پايدىلىق ئىككى شارائىتقا ئىگە بولدى. ئەمدى جىنايەتچى ھەرقانچە ئېگىز، كۈچلۈك بولسىمۇ، پىراكتىكانت ساقچى توپپي ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى، ئايىغىنىڭ پۇتلىكاشاڭ بولۇشى بىلەن، ئۇنىڭ يىقىلغان پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ تۇتۇۋالدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 8

## سۇغا چۈشكەن چاچ ھۆل بولىدۇ

ساقچى ئەمەلدارى شەنتىيەن بىلەن پىراكتىكانت ساقچى كېچىسى چارلاپ بىر كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كەلگەندە، بىرسىنىڭ: «قۇتقۇزۇڭلار، قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. شەنتىيەن ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىرىنىڭ بېشىغا گۈللۈك ياغلىق چىگىپ دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ، قارشى قىرغاقتىكى ئورمانلىققا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. پىراكتىكانت ساقچى بىر ھازا قوغلىغان بولسىمۇ، قاراڭغۇ بولغاچقا ئۇنى تۇتالمىدى.

باياتىن ۋارقىرىغان كىچىك بىر قىزچاق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە پىچاق سانجىقلىق ئىدى، ئۇ ئاران ـ ئاران نەپەس ئالاتتى. شەنتىيەن قىزچاقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ گەپ قىلماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىنى يېقىن ئېلىپ باردى: «مېدىڭ كوچىسى... چۈيرى قورۇسى... سوڭ...» قىزچاق گېپىنى تۈگەتمەيلا نەپەستىن قالدى.

ئۇلار مىدىڭ كوچىسى چۈيرى قورۇسىغا كېلىپ، بۇ يەردە سوڭ ئىسىملىك ئادەمدىن ئىككىسى بارلىقىنى بىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى رەممال سوڭ جۇ، يەنە بىرى ياغاچچى سوڭ جى ئىدى.

سوڭ جۇ تاقىرباش، سېمىز ئادەم بولۇپ، ئۇخلاش كىيىمى كىيىۋالغانىدى. ئۇ: «مېنى پال سېلىپ باق دەمسىلەر، ئەمىسە كېلىڭلار قاراپ باقايلى. ھى.. ھى... ھى....» دېدى.

سوكجى يوتقانغا يۆگۈنۈپ ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى بىر تەرەپكە قىڭغىيىقلىق بولۇپ، داسقا بىر مۇنچە كىيىم چىلاقلىق ئىدى.

پىراكتىكانت ساقچى داستىكى كىيىملەرنى كۆرۈپلا سوكجىنى قاتىل دەپ ھۆكۈم قىلدى.

سوكجى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، مەن قاتىل ئەمەس، دېدى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان شەنتيەن، ئۇلارغا تالاشماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. چۈنكى ئۇ ھەقىقىي قاتىلنىڭ كىملىكىنى ئالللىبۇرۇن بىلىپ بولغانىدى.

«يىگىت، قولىڭىزدىكى كويزىنى سوكجۇنىڭ قولىغا سېلىڭ.»

جاۋابى:

سوكجىنىڭ چېچى ھۆل ئەمەس بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. قاتىل دەرياغا سەكرەپ قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىبېشى ھۆل بولۇشى كېرەك ئىدى. كىيىمنى ئالماشتۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ، لېكىن چاچ دەماللىققا قۇرۇمايدۇ. رەمال سوگجۇ تاقىرباش بولغاچقا، لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋەتسىلا قۇرۇپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇچۇن سوگجۇ قاتىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 9

## ئايال ئوغرىنىڭ تۇتۇلۇشى

«ئەسىر مەھسۇلاتلىرى» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى S شەھىرىنىڭ كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ يەرگە كەلگەن ئادەممۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. خەلقئارا ئايال ئوغرى «قارا ئۆمۈچۈك» مۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆز ھۈنىرىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي بۇ يەرگە كەلدى.

كۆرگەزمىخانا تاقىلىشتىن بىر سائەت بۇرۇن، «قارا ئۆمۈچۈك» قارا كۆزەينەك تاقاپ، ئاپپارات سومكىسىنى يۈدۈپ، ئاپتاپتىن مۇداپىئەلىنىش كۈنلۈكى كۆتۈرگەن ھالدا، ئادەملەر توپى ئارىسىغا سوقۇنۇپ، نىشانىنى بېكىتكەندىن كېيىن، نازارەت قىلىش ئاپپاراتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۆتۈپ، يوشۇرۇندى.

يېرىم كېچە بولۇپ، ئەل ئايىغى بېسىققان چاغدا، قارا ئۆمۈچۈك ئۇۋىسىدىن چىقتى. ئۇ كۆرگەزمىخانىدا خۇددى ماگىزىنىدىن نەرسە تاللىغاندەك ئۇنى ئېلىپ، بۇنى قويۇپ، بۇنى ئېلىپ ئۇنى قويۇپ، ئاخىرىدا ئۆزى ياسىغان ساختا مال بىلەن ھەقىقىي يادىكارلىقنى ئالماشتۇرۇپ، ئاندىن كۆڭلىدە ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنى ئۇخلاڭلار، تازا شېرىن ئۇخلاڭلار دەپ مەسخىرە قىلىۋېتىپ، بۇ يەردىن غايىب بولدى.

ئەتىسى شۇنداق قاتتىق يامغۇر ياغقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرگە كەلگەنلەر يەنىلا شۇنداق كۆپ ئىدى. «قارا ئۆمۈچۈك» تا-

زىلىق ئۆيدە يۈزنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، مەيدىسىنى كېرىپ، مەغرۇر قىياپەتتە سىرتقا ماڭدى. تۇيۇقسىز، بىرنەچچە ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىم ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنى قوغداش بۆلۈمىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى.

«سىلەر نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيسىلەر، سىلەرگە دەپ قوياي، مەن دېگەن ئامېرىكا پۇقراسى» دېدى. «قارا ئۆمۈچۈك» ئۆزىچە ئىشنى سۇمۇ كىرمىگۈدەك پۇختا قىلدىم، بۇلار مېنى خاتا تونۇپ قېلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى.

قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئىشخانىسىدىمۇ «قارا ئۆمۈچۈك» زادىلا پېتىدىن چۈشمەيتتى. بىر قوغداش خادىمى ئۇنى ئەدەپ بىلەن مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھۆرمەتلىك خانىم، قاراڭ، سىرتتا قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتىدۇ. ئەقىللىقراق بولۇپ، تەكشۈرۈشىمىزنى قوبۇل قىلىڭ. بولمىسا، ئاقىۋىتى ئۆزىڭىزگە ئايان.»

جاۋابى:

ئەتىگەندە يامغۇر ياغقان ئىدى، «قارا ئۆمۈچۈك» كېچىچە كۆرگەزمىخانا ئىچىدە بولغاچقا بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئېكسكۇرسىيەچىلەرنىڭ قولىدىكى يامغۇرلۇقتا ئۇيۇشتۇرغۇچىلار سوۋغا قىلغان سولياۋ خالتا قاپلاقلىق بولۇپ، پەقەت «قارا ئۆمۈچۈك» نىڭ كۈنلۈكىلا ھۆل بولمىغان، ھەم سولياۋ خالتا قاپلانمىغان. مۇشۇنداق روشەن پەرقنى ھەرقانچە دۆت ئادەممۇ دىققەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇنداق مۇھىم قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئامانلىق قوغدىغۇچىلار تېخىمۇ دىققەت قىلىدۇ-دە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# 10

## ئۇ كىمنىڭ قىز دوستى

ئىشخانىدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە مىڭنىنىڭ مىجەزى سىپايە، ۋۇجۇدىدىن ئوت چىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئىشخانىدىكى توققۇز ئەرنىڭ كۆڭلىدىكى مەشۇقى ئىدى. پەقەت قىرى قىز ژىننى بىلەن قىرى يىگىت ۋاتىر ئىككىسى بۇلارنىڭ قاتارىدا يوق ئىدى. بۇ ئىككىيلەن ئىشخانىدىكى ئاۋۇ يارىماس توققۇز ئەرنىڭ قىلىقلىرىدىن بىزار ئىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ئۆزىگە پال سالدۇرۇپ، رەمچىلەرنىڭ گەپلىرىدىن ھوزۇر-لىنىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە خۇشتار ئىدى.

يېقىندا بىر ئىش ئۇلارنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى. ھېلىقى توققۇز ئەرنىڭ بىرسى يېقىندىن بۇيان ژىننى بىلەن مەخپىي ئالاقە قىلىۋاتقانىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، مەق-سەتلىك ھالدا ئۇ توققۇز ئەردىن سورىدى. تۆۋەندىكىسى ئۇلارنىڭ گەپلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۆتى راست گەپ قىلدى دەپ پەرەز قىلساق، ژىننىنىڭ ھەقىقىي ئاشىقى زادى كىم؟

1 ـ نومۇر: مىنىڭچە 7 ـ نومۇر.

2 ـ نومۇر: مىنىڭچە چوقۇم 7 ـ نومۇر.

3 ـ نومۇر: مەن ئۇنىڭ ئاشىقى.

4 ـ نومۇر: 3 ـ نومۇر يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ.

5 ـ نومۇر: مىنىڭچە 9 ـ نومۇر.

6 ـ نومۇر: مەن ئەمەس، جەزملەشتۈرەلەيمەنكى 9 ـ نومۇر-


مۇ ئەمەس.

7 - نومۇر: 5 - نومۇرنىڭ گېپىگە قوشۇلىمەن.

8 - نومۇر: 3 - نومۇر ھەقىقىي ئاشىق

9 - نومۇر: ئەمما، ھەممىڭلار خاتالاشتىڭلار، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھەقىقىي ئاشىقى مەن.

**جاۋابى:**



## ئەقلىي خۇلاسىگە ئائىت تارىخىي ھېكايىلەردىن زوقلىنىش

## يۇمىن ئارىلى

ئىچكى دېڭىزدا «يۇمىن ئارىلى» دەپ ئاتىلىدىغان قورام تاشلاردىن شەكىللەنگەن بىر ئارال بار بولۇپ، بۇ يەر توغرىسىدا قەدىمدىن بۇيان بىر رىۋايەت تارقىلىپ كەلگەن: ئارالدىكى ئاھالىلەر قاراقچىلار ۋە مۇشۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنغان قاتىل جىنايەتچىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىكەن. ئارالدا چيەنۋۇتەي دەيدىغان بىر كاتتا باي بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ سىڭلىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرۈيدىكەن؛ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ روھىنى ساقلاپ ياتقان كېچىسى، ئۇ ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىرى

يۈز بەرگەن...

ئاچا ـ سىكىل ئۇچەيلەن چيەنۋىنتەيىنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا دېگەنىدەك، ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇچ ئاخشامدا ئۇدا 3 قىز بالا ۋە سالاھىيىتى نامەلۇم بىر ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن. قاتىل زادى قانداق سىرلىق ئادەم، ئالاھىدە رازۋېدكىچى جىن تيەنيمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئامال قىلالماي، كۆزىنى پارقىراتقىنىچە قاراپ قالغان! جىن تيەنيى تۆمۈر دەرۋازىنى تېپىپ ئاچالارمۇ؟

بۇ ئەسەردە شېئىرغا ئوخشاش تىزىلغان جۈملىلەر ئىچىگە قورقۇنچلۇق قاتىللىق پىلانى يوشۇرۇنغان بولۇپ، كېيىنكى دەۋرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن «رازۋېدكا رومانلىرىنىڭ پىرامىداسى!» دەپ نام ئالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 11

## ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچى كىم


نامرات ئەمما كېلىشكەن يىگىت جېيىپ، خالايىقنى ھەيران قالدۇرۇپ، ناھايىتى باي بىر قېرى تۇل خوتۇن بىلەن توي قىلدى. توي قىلىپ ئىككى يىل بولماي، جېيىپ بۇ تۇل خوتۇننىڭ خورلاشلىرىغا چىدىماي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

جېيىپ جەسەتنى بىر ئارىلاشما ئاليۇمىن ساندۇقتا قاچىلاپ، ساندۇقنى ھەم سوۋاركىلاپ، ئۇنى كىچىك بىر ئايروپىلان بىلەن پاراخوت يوق بىر دېڭىز ئۈستىگە ئېلىپ كېلىپ، دېڭىزغا تاشلىدى، ساندۇق دېڭىزغا چۆكۈپ بولغۇچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ قايتىپ كەتتى.

ئۇ ئەمدى قايتىپ كېلىشىگە بىر توپ ساقچىلار ئۇنى ئىشكى ئالدىدا قاتىللىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەپ تۇتۇپ كەتتى.

ئىشنى ناھايىتى پۇختا قىلدىم دەپ ئويلىغان جېيىپ ساقچىلار بىلەن تەركىشىپ تۇرۇۋاتقاندا، ساقچىلار ئۇنىڭغا بىر سىنئالغۇ فىلىمى قويۇپ بەردى. ئۇ كۆرۈپ، پېشانىسىغا بىرنى ئۇرۇپ: «مەن ماۋۇ ئەبلەخنىڭ مېنى نازارەت قىلغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمىدىم. ئاسماندا تور، يەردە قاپقان، نەدە بار بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغان؟ دېگەن شۇ - دە» دەۋەتتى.

جاۋابى:



## داغلىق رازۋېدكىچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك 9 تۈرلۈك ساپا

1. مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش. ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ مەخپىيىتىنى ھەرگىز ئاشكارىلىماسلىق. ئۇنداق بولمايدىكەن، رازۋېدكىچىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىشەنچنى يوقىتىپ قويىدۇ (كىشىلەر ئالدىدىكى ئىشەنچىدىن مەھرۇم قالىدۇ).

2. پارا ئالماسلىق، ئادالەتنى ئالتۇندىن ئەلا بىلىش.

3. ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولمىغاندا ئەپسۇسلىنىپ، كاللىسىنى ئۇپراتماسلىق.

4. ھۆكۈم قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك، تولۇق ئىسپاتنى ئاساس قىلىش.

5. تەكشۈرۈش دوكلاتى پاكىتقا ئۇيغۇن بولۇش.

6. گۇرۇپپا ھەرىكىتىدە ئاختۇرغاندا، تۆھپىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماسلىق.

7. سۇبيېكتىپ ھېسسىياتقا ئاساسەن ھەرىكەت قىلماسلىق، ئەقىل - ئىدراكنى ھېسسىياتتىن ئۈستۈن قويۇش.

8. ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ماھارىتىنى ئىگىلەش.

9. پسىخولوگىيە، قانۇن دوختۇرلۇق ئىلمى، تەكشۈرۈپ بېكىتىش بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇش.

# 12

## بۇلۇڭدىكى كۆزەينەك

دوڭۋۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسور S كۇتۇپخانىسىدا ئۆلتۈرۈلدى، پىروفېسسور S سىياسىي جەھەتتە پائالىيەتچان، شەخسىي تۇرمۇش جەھەتتە قالايمىقان ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى گەپلەرمۇ ھەرخىل ئىدى. دېلو يۈز بېرىپ، ساقچىلار تەكشۈرۈشكە كىرىشكىچىلىك بولغان ئارىلىقتا، نۇرغۇن ئادەم ساقچى مەھكىمىسىگە كېلىپ، S پىروفېسسور ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى.

ئەسلىدىكى «يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ تۇيۇقسىز ئۆلدى» دېگەن يەكۈن جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى بىلەن پۈت تىرەپ تۇرالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار نەق مەيداننى قايتا تەكشۈرۈپ، ئىسپات تاپماقچى بولدى.


نەق مەيداندىن بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغان بىر كۆزەينەك تېپىلدى. بۇ قېرىلىق ئەينىكى ئىدى.

نەق مەيداندىن تارتىلغان سۈرەتتىن رازۋېدكىچىلار باشلىقى ئۆلگۈچىنىڭمۇ كۆزەينەك تاقىغانلىقىنى، ئوڭ قولىدا قەلەم تۇتقانلىقىنى، شىرە ئۈستىدە ئاخىرلاشمىغان بىر پارچە ئىلمىي ماقالە تۇرغانلىقىنى كۆردى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى كۆزەينەكنى ئۇيان - بۇيان ئۆيىنىتىپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا جەزىملەشتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئۆلگۈچى يۇ-

رۇك كېسلى قوزغىلىپ ئۆلگەن بولسىمۇ، ماقالە يېزىشقاتقاندا ئۆلمىگەن، بەلكى باشقىلار ئۇنى كۆتۈرۈپچانىسىغا يۆتكەپ، ئىلمىي ماقالە يېزىشقاتقاندا ئۆلۈپتۇ دېگەن ساختا نەق مەيدان ياساپ، جىنا-يى جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلماقچى بولغان. ئىسپات مانا مۇشۇ ئۇز-تۇلغان كۆزەينەك.»

**جاۋابى:**



## ئىزنغا چۈشۈش ماھارىتى

*ئىزنغا چۈشۈش راززۆيدىكا ماھارەتنىدىكى بىرىنچى دەرس.*

*1. قارشى تەرەپنىڭ سىزىپ قىلىشىدىن قورقۇپ تەمترەپ تۇر-ماي، ئەترابلىق ھەم كەسكىن ھەرىكەت قىلىش.*

*2. ئەگەر قارشى تەرەپ بىنانىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالسا، دەرھال ئارقا ئىشىك بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاش.*

*3. ئىزچىل ئالدىغىلا قارىماي، ئالدى ـ ئارقا، ئوڭ ـ سولغا تەڭ قاراش كېرەك، چۈنكى جىنايەتچىنىڭ شىېرىكى سىزنىڭ كەينىڭىزگە چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن.*

*4. ئىشتىن ئاۋۋال ئاددىي نىقابلىنىش قوراللىرىنى تەييارلاش.*

*5. پېچىنە، شاكىلات قاتارلىق ئاسان ئېلىپ يۈرگىلى بولىدىغان*

يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش.

6. ۋاقتىدا كىچىك تەرەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ چاققان ھالىتىنى ساقلاش.

7. ئايالىلارنىڭ كەينىگە چۈشكەندە، ھەرىكىتى مۇۋاپىق بولۇش.

8. ئاۋاز چىقمايدىغان ئاياغ كىيىش.

9. قارشى تەرەپ قاتناش بەلگىسى ئىلىۋاتقاندا، يۇرەكلىك ھالدا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ بارىدىغان يۆنىلىشىنى بىلىۋېلىش.

# 13

## ئىشخانىدىكى كىچىك شامالدۇرغۇچ

ئاي ئاخىرى بولۇپ قالغاچقا ئەيروت شىركىتىنىڭ بوغالتىرى جورج بىلەن جىدانا شىركەتتە قېلىپ ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەۋاتاتتى. سائەت 9 ئەتراپىدا جىدانا ئىشى چىقىپ قېلىپ ئۆيىگە كەتتى، شىركەتتە جورج يالغۇز قالدى. كېچە سائەت 11 يېرىمدا ئوتتىن مەلۇمات بېرىش سىگنالى ياڭراپ كەتتى، دىجورنى ئامانلىق ساقچىسى دەرھال ئوت ئۆچۈرگۈچنى ئېلىپ 2 ـ قەۋەتكە چىقتى، ئۆي ئىچىدىن ئېتىكلىك بولۇپ، ساقچى ھەرقانچە ئىتتىرىپمۇ ئىشىكنى ئاچالمىدى، بىر نەرسە بىلەن قايرىپ ئاچماقچى بولسىمۇ لېكىن، ئەتراپىدىن ئىشىكنى ئاچقۇدەك بىر نەرسە تاپالمىدى.


10 مىنۇتتىن كېيىن، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى يېتىپ كەلدى. ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى سۇ تۇرۇبىسىنى ئۇلاپ بولغۇچە ئوت ئۇلغىيىپ كەتتى، ئۇلار ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاران دېگەندە ئوتنى ئۆچۈردى. كېيىن ئوت كەتكەن نەق مەيداندىن بوغالتىر جورجنىڭ جەسىتى بايقالدى.

جورج بەك ئېھتىياتچان بولۇپ، ھەر قېتىم ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىگەندە، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى مەھكەم ئېتەتتى. تاماكا چېكىدىغانلار ئۈچۈن ئورنىتىلغان شامالدۇرغۇچ بار كۆزنەك داۋاملىق ئوچۇق تۇراتتى. لېكىن ئۇ شامالدۇرغۇچ جىدانانىڭ شىرەسىگە يېقىن بولۇپ، جورجنىڭ شىرەسىگە يىراقراق ئىدى.

ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر ئوت كېتىشنىڭ سەۋەبىنى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت ئورنىنى تاپالمىدى. بۇ ئۆيدە گاز ئوچاق ياكى گاز بى-

لەن ئىسسىتىدىغان ئەسلىھەلەر يوق ئىدى، بۇ ئۆيدىن قەرەللىك
ئوت ئالىدىغان نەرسىلەرمۇ تېپىلمىدى. ئۇندىن باشقا، توك سى-
مىدىن ئوت كەتكەن ئەھۋاللارمۇ يوق ئىدى. ئوت مەنبەسى بار
دېيىشكە توغرا كەلسە، پەقەت جورج چەككەن تاماكىدىن كۆ-
رۈشكىلا بولاتتى. ئەگەر جورج تاماكىنى ئۆچۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن
ھۆججەتلەر كۆيۈپ كەتكەن دېيىلسە، بۇ ئوت بەك تېز تۇتاشقان.
گۇمانلىق جايلار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى كۈچ-
لۈك دەلىلگە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ ئىش ۋەقەنى ھەل قىلغۇ-
چىلارنى بىر مەھەل قاتمال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. باش
ئىدارىدىن كەلگەن رازۋېدكىچىلار باشلىقى روسسو ئوتنىڭ
يامراش تېزلىكىدىن گۇمانلاندى، ئۇ نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ،
كۆيۈپ كەتكەن شامالدۇرغۇچقا كەلگەندە دەرھال: «بۇ ئەپچىللىك
بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوت قويۇش دېلوسى» دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار ئوت قويۇپ ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنا-
يەتچى جىدانانى قولغا ئالدى.

**جاۋابى:**



# 14

## قاتناش ۋەقەسى تۇغدۇرغۇچى

تاكسى شوپۇرى رويئېن بىر خېرىدارنى ئاپىرىپ قويۇپ قايتقۇچە، يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر ئادەمنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدى. ئەتراپتا ئادەم يوقلۇقنى كۆرگەن شوپۇر جەسەتنى ماشىنىغا سېلىپ، شەھەر سىرتىدىكى كۆل بويىغا ئېلىپ بېرىپ، چىملىققا تاشلىۋەتتى.

جەسەت تېزلا بايقالدى، ساقچىلار تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ساقچىلار كۆل بويىدىن ماشىنا چاقىنىڭ ئىزىنى بايقىدى. ساقچىلار ماشىنا چاقىنىڭ ئىزىغا ئاساسەن، رويئېننى ئاسانلا تاپتى.

رويئېن: «ماشىنا راستتىنلا مېنىڭ ماشىنام، ھەمدە دائىم ئاشۇ يەردىن ئۆتىمەن، لېكىن مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم ھەم جەسەتمۇ يۆتكىمىدىم» دېدى.

«ئىسپاتىڭىز بارمۇ؟» سورىدى ساقچى.

«ماشىنام 16 كىلومېتىرلا ماڭغان، لېكىن بۇ يەردىن كۆل بويىغا ئاز دېگەندىمۇ 10 كىلومېتىر كېلىدۇ، بېرىپ كېلىشكە 20 كىلومېتىر يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئەڭ ياخشى ئىسپات ئەمەسمۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى رويئېن.

ساقچىلار تاكسى شىركىتىنى تەكشۈردى، بۇ ماشىنا سۈرئەت ھېسابلىغۇچقا ئاساسلانغاندا، راستتىنلا 16 كىلومېتىر ماڭغان.


رويئېن ئېنىق قاتىل تۇرۇپ، قانداق ھىيلە ئىشلىتىپ،

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

سۇرئەت كۆرسەتكۈچتىكى سانلارنى ئۆزگەرتىۋەتكەن؟

بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشكە قاتناش ساقچىلىرى تەكلىپ قىلىندىغاندىن كېيىن، قاتناش ساقچىلىرى ئۇنىڭغا قانداق ھىيلە ئىشلىتىپ قاتناش ۋەقەسى سادىر قىلىپ، جەسەتنى يۆتكىگەنلىك جىنايىتى پاكىتىنى كۆرسىتىپ بەردى.

**جاۋابى:**



# 15

## زىيادە ئەقىللىقتىن كېلىپ چىققان خاتالىق

لاۋىر خوتۇننى تارتقۇزۇپ قويغانلىقتىن، ئىنچىكە پۇرسەت ئىزدەپ ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى مەيكنى ئۆلتۈرۈش خىيالىدا يۈرەتتى.

مەيك ئۇنى ئۆزىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى رەسىم سىزىش ئۆيىنى بېزەشكە ياردەمگە چاقىرغاندا، ئۇ پۇرسەت كەلدى دەپ قاراپ، ياردەمگە باردى. نەتىجىدە ھېچقانداق تەييارلىقسىز تۇرغان مەيك ئۆلتۈرۈلدى. لاۋىر نەق مەيداننى مەيك ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېگىزدىن يىقىلىپ، بويىنى قاتلىشىپ ئۆلگەن قىلىپ ياسىدى.

ئۆزىگە بولغان گۇماننى ئۆزۈل - كېسىل يوق قىلىش ئۈچۈن، لاۋىر ئەتەي رازۋېدكىچىلار باشلىقىنىڭ ئاغىنىسى بولمىش ماشىنىسىنى توسۇپ، ئۇنىڭغا مەيكنىڭ يېڭى رەسساملىق ئۆيىنى كۆرۈپ كېلەيلى، دېدى.

ماشىنا مەيكنىڭ يېڭى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختا - توختىمايلا، لاۋىر ماشىنىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، رەسىمخانىغا يۈگۈردى. ئۇ چىملىقتىن ئۆتۈپ، تۆت پەلەمپەيدىن بىراقلا سەكرەپ چىقىپ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى.

ئىشىك ئېچىلمىغاندىن كېيىن، لاۋىر دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ، ئەينەكنى چېكىپ تۇرۇپ: «مەيك، مەيك!» دەپ چاقىردى.

تۇيۇقسىز، ئۇنىڭ پۇت - قولى كالۋالىشىپ، پەلەمپەيدىن

سەكرەپ چۈشۈپ: «بولەيك، تېز كېلىڭ، مەيك ئۇ... ئۇ دە-
رەخنىڭ ئارقىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ!» دەپ ۋارقىرىدى.


مەيكنىڭ جەستى كارىدورنىڭ سول تەرىپىدىكى چىنارنىڭ
ئارقىسىدا ياتاتتى، پىششىق خىش تامدىن 5.1 مېتىردەك يىراق-
تا، 2 مېتىر كېلىدىغان بىر شوتا ئۇنى بېسىۋالغان، بىر قوتا
ئاق سىر ئۇنىڭ ئايىغى ئۈستىگە ئۆرۈلگەن ئىدى.

«تەخمىنەن 6 سائەت ئىلگىرى بوينى قايرىلىپ ئۆلۈپتۇ»
دېدى بولەيك.

بولەيك مەيكنىڭ ئوڭ قولىنىڭ يېنىدىن ئانچە يىراق
بولمىغان چوتكىنى تۇتۇپ باقتى، چوتكا قولغا چاپلىشاتتى. ئۇ
ئويلىنىپ قالدى.

ئۇ يەنە ئىشىك بېشى، پەلەمپەي قاتارلىق جايلارنى سىلاپ
باقتى، بۇ يەرلەرنىڭ سىرلىرى تېخى قۇرۇمىغان ئىدى. بۇلارنى
كۆرۈپ، مەيكنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆڭلىدە جەزم-
لەشتۈرۈپ بولدى. ئۇ بۇرۇلۇپ لاۋرىغا قاراپ: «ئۇ تېخى ھېلىلا
ئالدى تەرىپىنى سىرلاپ بولغاندا ئۆلتۈرۈلگەن، بۇ سىزگە چې-
تىلىدۇ!» دېدى.

**جاۋابى:**



# 16

## ئوغرىنىڭ ئوغرىنى تۇت دەپ ۋارقىرىشى

بوغالتىر ئەنزى بانكىدىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائا-شىنى ئېلىپ قايتقۇچە بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىدى.

دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان زوزومۇ، ئۇنى دوختۇرخا-نىغا يوقلاپ بېرىۋېدى، ئۇ ئاللىقاچان ئۆيىگە قايتقان ئىكەن. زوزومۇ ئەنزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا، ئۆزىنىڭ قانداق بۇلانغانلىقىنى ئالدىرىماي ئەسلەپ بېقىڭ، دېدى.

«مەن بۇگۈن پۇلنى ئېلىپ، بۇرۇنقىدەكلا ئۆزۈم پىششىق بىلىدىغان يول بىلەن ماڭغان ئىدىم، بۇ يەردە ماشىنا توسۇلۇپ قالدى، قارىسام كەچ بولۇپ كېتىپ باراتتى، مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، يېقىن يول بىلەن ماڭدىم، كىم بىلسۇن، شىركەتكە ئانچە يىراق بولمىغان بىر كوچىغا كەلگەندە يۈزىگە قارا سۇر-كىۋالغان بىرسى ئالدىمنى توسۇپ، پىچاق ئېلىپ بېشىمغا قارى-تىپ قالايمىقان شىلتىغىلى تۇردى، ئاخىرى بېشىمنىڭ بىر-نەچچە يېرىگە پىچاق تېگىپ يىقىلدىم، ئۇ سومكامنى بۇلاپ كەت-تى، تېخى تۇمىقىمنىمۇ ئېلىپ كەتمەكچى بولغان ئىدى، مەن چىڭ تۇتۇۋالدىم» دېدى.

زوزومۇ تامغا ئېلىقلىق تۇرغان تۇماققا قاراپ قويۇپ: «ئەھۋالنى ئۇقتۇم، ئوبدان داۋالىنىڭ، قارانىيەتنى چوقۇم تۇتى-مىز» دېدى.

زوزومۇ ئەنزىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ يىراق كەتمەي، يېقىن

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى — 2

ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ ئەنزى ئائىلىسىنى كۆزەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنزى تىمىسقىلاپ ئۆيىدىن چىقىپ، كارىدوردىكى ئوت ئۆچۈرۈش تۇرۇبىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر سومكا بىر نەرسىنى تىقىۋەتتى. «ئەنزى، تىقىۋەتكىنىڭىز پۇلغۇ دەيمەن» دېدى، زوزومۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ.

«مەن ئىككىلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟» دېدى ئەنزى ئەندىكىپ.

**جاۋابى:**

بانكىدىن شىركەتكىچە بولغان ئارىلىق 10 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنا توسۇلۇپ قالغان. قىرانىيەتنىڭ شۇنچە كۆپ پۇرسىتى تۇرسا، نېمە ئۈچۈن شىركەتكە ئاز قالغان چاغدا بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىرانىيەت ئۇنىڭ بېشىغا پىچاق تەققان، لېكىن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ تۇمىقىدا پىچاق ئىزى يوق، قىرانىيەت ئەنزى تۇمىقىنى قولىغا ئېلىۋالغۇچە كۈتۈپ تۇرۇپ ئاندىن پىچاق تەققانمۇ؟

# 17

## بىر دانە چىراغ

فاڭزىننىڭ جەسىتى دەريا بويىدىن تېپىلدى. نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ساقچىلار دەريا بويىنى بىرىنچى نەق مەيدان ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، فاڭزىننىڭ ئەر دوستى خېيىنىڭ ئەڭ چوڭ گۇماندار ئىكەنلىكى بايقالدى. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار خېيىگە ئۇقتۇرۇش قىلدى.

خېيى سىيرىلما ئىشىك بىلەن ئايرىلغان ئۈچ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆيدە تۇراتتى، پۈتۈن ئۆيدە بىر دانە قارا چىراغلا بارئىدى.

دېلو سادىر بولغاندا خېيى ئۆيدە يالغۇزمۇ ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلە، بۇ دېلونىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالدى.

خېيى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئۆيدە يالغۇز ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيدە تۇرىدىغانلارمۇ، شۇ كۈنى كەچ سائەت 9 ئەتراپىدا، ئۇنىڭ ئۆيدە چىراغ يېنىپ تۇرغانلىقىنى، چىراغ يورۇقىدا، ئىككى ياندىكى ئىشىكتىن بىر ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرگەنلىكى ھەققىدە ئىسپات بەردى.

ساقچى باشلىقى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، خېيىنىڭ ئۆيدە ئۇ ياندىن بۇيانغا مېڭىپ، ھېلىقى چىراغقا قاراپ تۇرۇپ: «كەچۈرۈڭ، مەن بىلەن مېڭىڭ، مېنىڭ بۇ يەرنىڭ بىرىنچى نەق مەيدان ئىكەنلىكىگە ئىسپاتىم بار» دېدى.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى = 2

خېيىپ ئاڭلاپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە قاتتىق ئاۋازدا: «نېمە ئۈچۈن؟!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

جاۋابى:

بىرلا چىراغ بار ئۆيدە بىر ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسى ئىككى تەرەپتىكى ئىشىكتىن كۆرۈنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈ-چۈن، ئېنى ۋاقىتتا خېيىنىڭ ئۆيىدە ئاز دېگەندىمۇ ئىك-كى ئادەم بار.

# 18

## رەسسامدىن قالغان مىراس

رەسسام مورنىڭ نامراتلىقتىن تۈشى ئېچىلىپ قالدى، بۇ ئۇنىڭ رەسىملىرىنى باشقىلارنىڭ سېتىۋالمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ پۇلنى تاپىدەك سورۇپ، گۈزەل ئاياللارنى قوغلىشىپ، ھەممە يەردە ئوينىغانلىقىدىن شۇنداق بولغان. شۇنداق قىلىپ، ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىدىغان تالانتلىق بىر رەسسام، باشقىلار تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

جەسەت بايقالغان چاغدا داس سۆڭىكى چېقىلغان بولۇپ، رەسساملىق قوراللىرى ۋە لازىمەتلىكلىرى قار ئاستىدا قالغاندى، قار بارلىق ئىزلارنى كۆمۈۋەتكەن بولۇپ، ساقچى تەرەپنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ساقچىلار نېمە قىلارنى بىلمەي تۇرغاندا، كىمئارتۇق بازىردا مورنىڭ بۇ قىممەتلىك سەپىرىدىكى بىر مىراسى پەيدا بولدى. ساقچى تەرەپ دەرھال سۈرۈشتۈرۈپ، بۇنىڭ ئىگىسىنىڭ كەيتى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى.

«مور بىلەن ئۇنىڭ يېقىن دوستى كەيكى سەپەر جەريانىدا شۈبرغانلىق بوراندا قېلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ مورنىڭ داس سۆڭىكى چېقىلىپ كەتكەن، قار ئۇنىڭ رەسساملىق قوراللىرى ۋە لازىمەتلىكلىرىنى كۆمۈۋەتكەن. بىر نەچچە كۈنگىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن نەچچە ئون گرادۇستىن پەقەتلا ئۆرلىمىگەن. كەيكى مورنى بىر تاشلاندۇق ياغاچ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، دېرىزىنىڭ يوچۇقىنى قولى بىلەن توسۇپ، مورنى قوغدىغان. مور


## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

كېسىلنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان-لىقىنى ھېس قىلىپ، كەيكىنىڭ ئاشخانىدىن قەلەم، قەغەز، سىيا تېپىپ چىقىشىنى بۇيرىغان. رەسسام ئۆزىنىڭ بۇ سادىق دوستىغا شۇنداقلا سىدام سىزمىدىن بىرنى سىزىپ بېرىپ ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ سىدام سىزما ئاز دېگەندىمۇ 300 يۈز مىڭ دوللارغا يارايدۇ، لېكىن كەيكى 200 مىڭ بولسىمۇ ساتماقچى» دېدى كەيتى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى كەيكى دېگەن ئادەمنىڭ بار - يوق-لۇقىنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا بۇيرۇق قىلدى. نەتىجىدە، بۇ ئادەم ھازىر ھاۋاقتىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئادەم ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، رازۋېدكىچىلار باشلىقى كەيتىغا: «ئويۇ-نىڭىزنى ئەمدى يىغىشتۇرۇڭ، بۇ رەسىمنى ماڭا بىكارغا بەرسى-مۇ ئالمايمەن. ئەگەر راست گەپ قىلمىسىڭىز، سىزنى قاتىل دەپ ئەيىبلەيمەن» دېدى.

كەيتى رازۋېدكىچىلار باشلىقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال تاپشۇردى. ئۇ قاتىل ئەمەس، پەقەت ئىستىلى دۇرۇس بولمىغان-لىقى ئۈچۈن، ئازراق پۇل تېپىۋالاي دەپ شۇنداق قىلغان ئىدى.

**جاۋابى:**



# 19

## پۇل نەگە يوشۇرۇلغان

ھېنرى تۆرىنىڭ ئۆيىدىكى بىخەتەر ئىشكاپ كۇندۇزدە بۇزۇلۇپ، 100 مىڭ دوللار يوقاپ كەتتى.

ساقچى باشلىقى تۆرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇزۇنچاق بىر ئۆيگە كىردى، بۇ ئۆي تۆرىنىڭ شەخسىي مۇزېيى بولۇپ، ئىشىك بېشىدىكى تاختىغا «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلار ئەۋرىشكىلىرى كۆرگەزمىخانىسى» دەپ يېزىلغانىدى.

تۆرە شىمالىي قۇتۇپتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان 50 يىلدىن بۇيان يىغقان قىممەتلىك بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئۆيگە تىزغان ئىدى.

بۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ ئەۋرىشكىسى بولۇپ، ئۇ خۇددى تىرىك ئېيىقتەك ئارقا پۇتىدا دەسسەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى سەككىز دانە پىنگۈن چۆچىسى ئوراپ تۇراتتى.

تۆرە ئۆزىنىڭ شىمالىي قۇتۇپتىن يىغىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى گۆھەردەك ئەتىۋارلايتتى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ مېھماندوست تۆرە، كەلگەنلەرنىڭ كۆرۈشىنى ھەرگىز چەكلىمەيتتى، بەلكى ئۆزى مېھمانلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆرسىتەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىغانلارنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، مېھمانلار تىزىملىكىدىن ئوغرىنى ئىزدىگەندە بىرى ۋاقىت ئىسراپ بولاتتى، يەنە بىرى ئوغرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يالغان ئىسىم ئىشلىتىپ غايىب بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى ـ 2

ساقچى باشلىقى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، قوغداش خادىملىرى ئۇنى تەپسىلىي ئاختۇردى. بۇ ئىش ساقچى باشلىقىنىڭ تەپەككۇرىنى ئېچىۋەتتى. ساقچى باش-لىقى تۆرىگە مۇنداق دېدى: «پۇللىرىڭىز ئۆيىڭىزدىن چىقىپ كەتمەپتۇ. ئەگەر ئوغرى پۇللارنى كوندۇزدە ئالسا بۇ يەردىن ئو-ڭۇشلۇق چىقىپ كېتەلمىگۇدەك، ئوغرى ئۇنداق ئاسان تۇتۇلۇپ قېلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئاۋۋال پۇلنى ئۆزى بىخەتەر دەپ قارىغان بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، كېچىدە كېلىپ ئېلىپ كەتمەكچى بولغان.»

شۇنىڭ بىلەن، ساقچى باشلىقى تۆرىنىڭ ئۆيىنى قايتا ئاخ-تۇردى.

نەتىجىدە، يوقالغان 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئاسانلا تې-پىلدى.

### جاۋابى:

بۇ ئوغرى 8 دانە پىنگۋىن جۈجىسىنى سوۋغا قىلىپ، پۇللارنى ئۇنىڭ ئىچىگە تىقىپ، كۆرگەزمىخانىغا تىزىپ قويغان.

لېكىن بۇ ئوغرى بىر ئىشنى خاتا قىلغان، بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەر تۆرىنىڭ شىمالىي قۇتۇپتىن يىغىپ كەلگەن نەرسىلە-رى بولۇپ، بۇ يەرگە تىزىشقا تېگىشلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ بولسىمۇ شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ ئەترابىغا تىزىپ قويغان نەرسىلەر — پىنگۋىن جۈجىلىرىدىن ئىبارەت. پىنگۋىن جە-نۇبىي قۇتۇپتا ياشايدىغان جانلىق. تۆرە جەنۇبىي قۇتۇپقا بې-رىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆرگەزمىخانىنىڭ ئىشىك بېشىد-كى تاختىغا «شىمالىي قۇتۇپتىن يىغىۋېلىنغان قىممەتلىك نەر-سىلەر» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، پىن-گۋىن بۇ يەرگە قەستەن قويۇپ قويۇلغان.

## نازارەت قىلىش ماھارىتى

ئازگالدا ئولتۇرۇش مەلۇم جايدا جىنايەتچىنى ياكى گۇمانلىق ئادەمنى ئۇزۇن مۇددەت پايلايدىغان جاي بولۇپ، بۇنىڭغا چىدام كېرەك، چۈنكى بۇ زېرىكىشلىك خىزمەت.

1. ئەتراپتىكى بەر شەكلىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، جىنايەتچى ئاسان قېچىپ كېتىدىغان جايغا يوشۇرۇنۇش.

2. ئىتنىڭ يىمەكلىكىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆي ئىتلىرى ۋە لالما ئىتلارنىڭ قاۋىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

3. بىر ئورۇندا گۇماندىن خالىي ئۇزۇن تۇرۇش ئۈچۈن گىرىم قىلىش.

4. ئەھۋال بايقالغاندا دەرھال ھەرىكەت قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، پۇت - قولنى داۋاملىق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بەدەننى بوشىتىپ تۇرۇش كېرەك.

5. ماشىنىدا يوشۇرۇنغاندا ئورۇننى ئۆزگەرتىپ تۇرۇش.

6. ئىككى ئادەم ئايرىم - ئايرىم يوشۇرۇنغاندا، سۆزلىشىش ئاپپاراتىنى ئىشلىتىپ ئالاقىلاشماقچى بولغاندا، ئىت - مۈشۈكنىڭ ئاۋازىنى دوراپ ئالاقە قىلىش.

7. يازدا پاشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى ئېلىۋېلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 20

## ئوت ئىچىدىن نەرسە ئېلىش

بىل بىلەن لىزا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ كەچكىرەك بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بالىسى بولمىسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. ئۇلار شەھەرگە يېمەكلىك، كۆكتات ياكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ـ سېتىۋېلىش توختامى تۈزگىلى بارغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئادەتتە سىرتقا كۆپ چىقمايتتى.

بىر كۈنى، لىزا شەھەرگە كىرىپ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئېرىنىڭ ئوچاق يېنىدا ئۆلۈپ ياتقانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىر پىچاق سانجىقلىق تۇراتتى.

لىزا ھوشىنى يىغىپ دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ساقچىلار كېلىپ نەق مەيداننى تەكشۈردى. دوخۇپكىدا ئوتى ئۆچكەن بىر نەچچە تال كۆمۈر، ئۈستىدە قاقلاقلىق كالا گۆشى تۇراتتى. پەتنۇس، پىچاق، ئارا ۋە باشقا نەرسىلەر بىر چەتتە چېتىقلىق تۇراتتى. ساقچىلار جەسەتنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر سائەتنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

ساقچىلار دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قاتنىشى ۋە تۇرالغۇ ئەھۋالىغا ئاساسەن، دەرھال قوغلاپ تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. نەتىجىدە شۇ دائىرە ئىچىدىكى 10 چاقىرىم يەردە بىر ئادەمنى كۆردى. ساقچىلار بۇ ئادەمنى قاتىللىق نەق مەيدانىغا ئېلىپ


كەلدى. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بىر ساياھەتچى ئىكەنلىكىنى، قورسىقى ئېچىپ، بىر يەرنى تېپىپ تاماق يېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇچاقتا قاقلاقلىق كالا گۆشىنى كۆرۈپ، ئېلىپ يېگەنلىكىنى ئېيتتى.

«ئەپەندىم، ئالدىرىمايراق يەڭ، بىز سىزدىن پەقەت بىرلا سوئال سورايمىز، بىر سائەتتىن ئىلگىرى نەدە ئىدىڭىز؟»

«مەن بۇ يەردە يولدىن ئېزىپ قالدىم، نەدە ئىكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ مۇشۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا بولسام كېرەك. ھەي ساقچى، مەن سىز بىلەن بۇ گۆشنى يەپ بولۇپ ئازدىن تەپسىلىي پاراڭلاشسام قانداق» ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ توختاپ، كۆمۈر ئارىسىدىن بىر تال ئۇزۇكنى ئېلىپ، ئۇنى ئاستا يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ساقچى ناھايىتى ئېنىق كۆردى ۋە كويزىنى قولىغا ئېلىپ: «ئەپەندىم، ئويۇن ئويناش سەۋىيىڭىز بەك تۆۋەن ئىكەن، مەن بىلەن ساقچى مەھكىمىسىگە مېڭىڭ!» دېدى.

جاۋابى:



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 21

## دۆت جىيەن

رازۋېدكىچىلار باشلىقى مىلى داڭلىق يىغىپ ـ ساقلىغۇچى كىنىنىنىڭ كىمئارتۇق شىركىتىگە بېرىپ، قەدىمىي بىر مىسىر تەڭگىسىنى سېتىش ھارپىسىدا ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

دېلو مەلۇم قىلغۇچى ئۇنىڭ خىزمەتكارى سارى ئىدى، ئۇ كۈندىكىگە ئوخشاش خوجايىنىنىڭ ناشتىلىقىنى تەييارلاپ بېرىپ، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ ئۆي يىغىشتۇرغان. ئۇ پەسكە چۈشكەندە، خوجايىنىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بايقىغان.

نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئۆلگىلى يېرىم سائەت بولمىغانلىقى بايقالدى.

مىلى جەسەتنى ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ياقىسىدا يېشىل ياپراق شەكىللىك ئوردېن بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر نەرسىنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ دەل ھېلىقى قەدىمىي مىسىر تەڭگىسى ئىدى. كىنىنى ئۇ تەڭگىنى مېدالىنىڭ قېتىغا سېلىۋالغانىدى. مىلى تەڭگىنى ئەسلىي ئورنىغا سېلىپ قويۇپ، بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك ئۆلگۈچىنىڭ ئۆرۈلۈپ سىرتىغا چىقىپ قالغان يانچۇق خالتىسىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

مىلى سارىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاشخانىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، كىن — يىغىپ ساقلىغۇچى كىنىنىنىڭ جىيەن ئوغلى كىرىپ


كەلدى ۋە ئەھۋالنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولدى، دېدى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى مىلى قاچا ـ قۇچا ئىشكاپىدىن چاي قۇتىسىنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئېچىپ ئۇنى كىنىغا تۇتقۇزدى، ئۆزى قۇتىدىن چاي ئېلىپ: «بۈگۈن ئەتىگەن تاغىڭىز كىمئارتۇق شىركىتىگە بېرىپ، بىر قەدىمىي ئالتۇن تەڭگىنى ساتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئويلىمىغان يەردىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل قىلىشقا ئاساسلانغاندا، قاتىل جەسەتنى بىر قۇر ئاختۇرغان لېكىن ھېچنېمە تاپالمىغان، چۈنكى تاغىڭىز ئۇ تەڭگىنى يانچۇقىغا سالمىغان ئىكەن» دېدى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى مىلى، بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر چەينەك سۇنى ئوچاق ئۈستىگە قويۇپ: «سىز ئۇنى ماڭا ئېلىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، ئۇ ياپراق ئاستىغا يوشۇرۇقلۇق» دېدى. كىنى دەرھال قولىدىكى چاي قۇتىسىنى قويۇپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ تاغىسىنىڭ ياقىسىغا قىستۇرۇقلۇق ئالتۇن تەڭگىنى تاپتى.

«نېمە ئۈچۈن تاغاڭنى ئۆلتۈرسەن؟» رازۋېدكىچىلار باشلىقى كىنىغا غەزەپ بىلەن شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى.

**جاۋابى:**



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 22

## ئەينەك

SevenStarS (يەتتە يۇلتۇز) ئۈنچە - مەرۋايىت دۇكىنىنىڭ خىزمەتچىسى ئەتىگەندە ئىشقا كېلىپ، ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. دۇكاننىڭ مال تەكچىسىدىكى قىممىتى بىر مىليون يۈەنلىك ئىككى دانە ئالماس ئوغرىلاپ كېتىلگەنىدى.

سان - فرانسىسكودىن يۆتكىلىپ كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان ساقچى ئەمەلدارى بىرانت بۇ دېلونى پاش قىلىشقا مەسئۇل بولدى.

ئۇ ئاۋۋال كەسپداشلىرى بىلەن نەق مەيداننى تەكشۈردى. مال تەكچىسىنىڭ ئەينىكى ئۈستىدە چۆرىسى ئىنتايىن سىلىق بىر تۆشۈك بولۇپ، ئوغرى ئالماسلارنى ئاشۇ تۆشۈكتىن ئېلىپ كەتكەن. مال تەكچىسىدە ئەينەك پۇچۇقلىرى تۇراتتى، روشەنكى، ئوغرى ئەينەكنى تېشىپ بولۇپ يىقىلىپ چۈشكەن.

«بۈگۈن ئەتىگەن كىم ئەڭ بۇرۇن ئىشقا كەلگەن، يەنە كىم بىرىنچى بولۇپ ئالماسلارنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بايقىغان؟» بىرانت ئۈنچە - مەرۋايىت دۇكىنىنىڭ دىرېكتورىدىن سورىدى.

«مەيىك» دەپ جاۋاب بەردى دىرېكتور.

«مەن تۈنۈگۈن ئىشلەپ پۈتكۈزۈلمىگەن CASE نى بۈگۈن پۈتكۈزۈپ تاپشۇرۇۋېتەي دەپ ئەتىگەنرەك كەلگەنىدىم. شىركەتنىڭ ئالدىغا كېلىشىمگە ئەينەكنىڭ چېقىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، مەن قاتتىق چۆچۈپ دەرھال يۈگۈرۈپ باردىم. بىر ئادەم

غىپلا قىلىپ غايىب بولدى، قوغلاپ يېتەلمىدىم، قايتىپ كېلىپ قارىسام مال تەكچىسىنىڭ ئەينىكى تۆشۈك تۇرىدۇ، يەردە ئەينەك پارچىلىرى تۇرۇپتۇ. ۋاقىت تەخمىنەن 5 دىن 20 ـ 30 مىنۇت ئۆتكەن چاغ ئىدى.

ساقچى ئەمەلدارى بىرانت بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن: «ئۇ ئادەمنىڭ دۇكاننىڭ ئادىمى ياكى خېرىدار ئىكەنلىكىنى بىلەلىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى.

مەيك سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ھاياجانلانغان ھالدا: «ئۇ ئەبلەخ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا دۇكان ئالدىغا كېلىپ ئاشۇ ئىككى تال ئالماسنى كۆرگەن، مەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتقىلى ئۇزۇن بولغان... ھە، توغرا، ئەينەكنى تەشكەن چوقۇم شۇ...» دېدى.

ساقچى ئەمەلدارى بىرانت، بولدى، گەپ قىلماڭ، دېگەن مەقسەتتە قولىنى پۇلاڭلاتتى، ئاندىن دېرىكتورغا قاراپ: «ئالماسلىرىڭىز تېپىلدى» دېدى ۋە مەيككە قاراپ كەسكىن ھالدا: «مەن بىلەن ماڭ، سەن قولغا ئېلىندىڭ!» دېدى.

**جاۋابى:**

مال تەكچىسىنىڭ ئەينىكىنى باشقا ئادەم تەشكەن بولسا، ئەينەك پارچىلىرى ئىچى تەرىپىگە چۈشەتتى. ئەينەكنىڭ ئىچىدىن تېشىلگەچكە ئەينەك پارچىلىرى سىرتىغا چۈشكەن. شۇڭا ئالماسنى ئوغرىلىغان ئوغرى دۇكان خىزمەتچىسى مەيك.

www.uyghurkitap.com



# 23

## قاتىللىق قورالى نەدە

سائەت يىغىپ ساقلىغۇچى لاۋرانىڭ خىزمەتكارى خوجايىننى ناشتىغا چاقىرغىلى كىرىپ، ئۇنىڭ كارىۋات ئۈستىدە ئۆلۈپ ياتقانلىقىنى بايقىدى.

ساقچىلار نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ تۈنۈگۈن كەچ سائەت 10 ئەتراپىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بايقىدى. ئۆلگۈچىنىڭ گېلىغا بىر نەرسە تىقىلغان ئىدى.

خىزمەتكارنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن، ساقچىلار بىردىنبىر گۇماندار بىلىغا ئۇقتۇرۇش قىلدى. لېكىن بىل ئۆزىنىڭ نەق مەيداندا يوقلۇقىغا تولۇق ئىسپات كۆرسەتتى. خىزمەتكارمۇ ئۇ-نىڭ قۇرۇق قول كېلىپ، قۇرۇق قول قايتىپ كەتكەنلىكىگە گۇۋاھ بولدى.

ساقچىلار بىلنىڭ تۇرالغۇسىنى چالا قويماي ئاختۇرغان بولسىمۇ، بىلنىڭ ئۆيىدىن قاتىللىق قورالى تېپىلمىدى. ئۇلا ئەمەس، بىلنىڭ ھەممە ئۆيلىرىدىنمۇ قاتىللىق قورالى قىلىشقا بولغىدەك ھېچ نەرسە تاپالمىدى.

بەزىلەر قاتىللىق قورالى دېرىزە سىرتىدىكى گۈللۈككە تاشلىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيىنىڭ ئەتراپى ئاختۇرۇلدى. لېكىن گۈلچى دېرىزىلەرنىڭ ئېچىلىپ باقمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنداق بولسا، قاتىل ئۆلگۈچىنى نېمە بىلەن ئۆلتۈرگەن؟ قاتىللىق

قورالى نەگە يوشۇرۇلغان؟

ئۇلار لاۋرانىڭ ئائىلىسىنىمۇ ئوخشاشلا قاتتىق تەكشۈردى، لېكىن يەنىلا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى كېللى ئادەملىرىنى باشلاپ قايتايلى دەپ تۇرۇشىغا، مېھمانخانىدىكى سائەت ۋاقىت مەلۇم قىلدى. كېللى سائەتنىڭ ئۇزۇن ئىستىرېلكىسىغا قاراپ: «ئاۋۋال بىلىنى نەزەربەند قىلايلى، بىز سائەت يىغىنىسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، قاتىلنىڭ كىملىكى ئېنىقلىنىشى مۇمكىن» دېدى.

تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، بىلىنىڭ قاتىل ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

جاۋابى:

قاتىللىق قورالى مېھمانخانىدىكى سائەتنىڭ ئۇزۇن ئىستىرېلكىسى بولۇپ، پولاتتىن ئىشلەنگەن ئۇزۇن ئىستىرېلكىنىڭ ئۇچى ئۆتكۈر بولغاچقا، قاتىللىق قورالى قىلىشقا بولىدۇ. قاتىل ئۇنىڭ بىلەن دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى قان ئىزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ تامغا ئېسىپ قويغان، لېكىن ئىستىرېلكىنى ئالغان چاغدا قېپقالغان بارماق ئىزىنى سۈرتۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىلىنىڭ نەق مەيداندا يوقلۇقى ئىسپاتى يوققا چىقىپ، قاتىللىق قىلغانلىقى ئىسپاتلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 24

## گۇمانلىق قوم

«قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان ئەنسىز ئاۋاز كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى.

ئەتراپىنى چارلاۋاتقان پوقىراچە كىيىنگەن ساقچى ئاۋازنى ئاڭلاپ بىناغا چىقىپ، ئاۋاز چىققان جايغا بېرىپ، ئىشىككە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئېچىپ ئۆيگە كىردى.

يەردە بىر جەسەت ياتاتتى، ئۇ قاتتىق نەرسە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. جەسەتنىڭ يېنىدا بىر ياش ئەر تۇراتتى.

ساقچى دەرھال ئۇنى تۇتۇپ، «سەن قاتىل» دېدى.

«ياق، ساقچى ئەپەندىم، مەن قاتىل ئەمەس، مەن مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى، ئۆلگەن بۇ ئادەم مېنىڭ دوستۇم. مەن بايا خالادا ئىدىم. ۋاقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، مەن ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ قاپتىمەن، قاراڭ، قولۇم تېخىچە تىترەۋاتىدۇ.»

ساقچى ئۇنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي: «گېپىڭ گۇمانلىق» دېدى.

«ئۇنى بىرى قاتتىق نەرسە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. قاراڭ، مېنىڭ ئۆيۈمدە قاتتىق نەرسە بارمىكەن؟ مەن نېمە بىلەن قاتىللىق قىلىمەن؟»

ساقچى ئۆي ئىچىدىكى، نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتى، ئۆيدە بېلىق قاچىسى، كىرىسلو، كارىۋات، يوتقاندىن باشقا، راستتىنلا ئادەم ئۆلتۈرگۇدەك قاتىللىق قورالى يوق ئىدى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى فوت كەلگەندىن كېيىن، يەردە ئازراق قۇمنىڭ تۆرغانلىقىنى ۋە ئەخلەت ساندۇقىدا بىرنەچچە كولا قۇتىسىنىڭ تۆرغانلىقىنى كۆرۈپ، قاتىللىق قورالىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەرھال كۆرسىتىپ بەردى.

قاتىللىق قورالى نېمە؟

**جاۋابى:**

قاتىل قۇمنى كولا قۇتىسىنىڭ ئىچىگە قاچىلاپ ئا-
دەم ئۆلتۈرگەن، ئاندىن قۇمنى بىلىن قۇتىسىغا تۆكۈۋە-
تكەن، كولا قۇتىسى تېيىقالغان.

## پوچېركنى ئىنقلاش

1. بىسىم — خەت يازغاندىكى سۈرئەت ۋە كۈچىنىش. ئوخشايدىغان خەت بولغان تەقدىردىمۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ قەلەمنى بې-سىش ئۇسۇلى ئوخشمايدۇ. قەلەم بېسىمى ئارقىلىق جىنايەتچىنىڭ ئۇستىخىنى ۋە مىجەزىنى بىلگىلى بولىدۇ.

2. تەرتىپ — ئوخشاش خەت بولغان تەقدىردىمۇ، ھەربىر ئا-دەمنىڭ خەت يېزىش تەرتىپى ئوخشمايدۇ. شۇڭا، باشقىلارنىڭ خېتىنى دوراپ يېزىلغان خەتلەرنىمۇ ئاسانلا تونۇپ قالغىلى بولىدۇ.

3. ھەرپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى — خەتلەرنىڭ چوڭ - كىچىك-لىكىنى، بۇلۇڭ، ھەرپ بىلەن ھەرپىنىڭ ئارلىقى ۋە تۇتاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر. گۇمانلىق جىنايەتچىنى خەت يازدۇرغاندا، ئەگەر ئالاھىدىلىك ئوخشايدىغان جايلار كۆپ بولسىلا، جىنايەت بې-كىتىشكە بولىدۇ.

بۇلار تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولغان كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 25

## يىپ ئۇچى دېرىزە

ۋىنىستون خانىم ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى گېدىل نەق مەيدانغا بېرىپ، دېرىزىنىڭ يايما دېرىزە ئىكەنلىكىنى، دېرىزە سىرتىدا ئۈچ بالكون ۋە ئۇنىڭ ئاستىدا چىرايلىق بىر گۈللۈكنىڭ بارلىقىنى كۆردى.

ئۇ ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى بالكونغا قارىدى.

بەزىلەر ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ياكى يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلگەن دېدى. كېيىن ساقچىلار ئۇنىڭ جەسىتىنى بايقىغان چاغدا، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئېتىكلىك ئىكەنلىكىنى كۆردى.

ۋىنىستون ئەپەندى ئۇ كۈنى ھاۋا بەك سوغۇق بولغاچقا، دېرىزىنى ئۆزىنىڭ ئېتىپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ بالكوندىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلگەنلىكىنى بىلمەيمەن دەپ چىڭ تۇردى.

«بىرەرسى ئىسپات بولالامدۇ؟» رازۋېدكىچىلار باشلىقى ۋىنىستون ئەپەندىدىن شۇنداق دەپ سورىدى.

«قوشنىلاردىن ئاڭلىسام مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرىدىغان خىسەن مۇئەللىم ئىكەن.»

«مەن ۋىنىستوننىڭ دېرىزىنى تارتىپ ئېچىپ، خوتۇنىنى بال-

كوندىن تاشلىۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم» دېدى، خىسەن قەتئىي قد-
لمىپ.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «سىز يالغان
گەپ قىلىۋاتىسىز خىسەن ئەپەندى. ۋىنستون ئەپەندى گۇناھ-
سىز!» دېدى.

**جاۋابى:**

ياتاق ئۆينىڭ دېرىزىسى يايما دېرىزە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ دېرىزىنى پەقەت ئىتتىرىپ ئاچقىلى بولىدۇ (دېرىزە تېشىغا ئېچىلىدۇ)، تارتىپ (ئىچىگە) ئاچقىلى بولمايدۇ. خىسەننىڭ ئىسپات سۆزى بويىچە ۋىنستوننىڭ دېرىزىنى تارتىپ ئېچىپ، خوتۇننى بالكوندىن تاشلىۋېتىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

## كېسىپ ئۆلاش ئۇسۇلى

نەق مەيداندىن قاتىلنىڭ بارماق ئىزى ياكى ماددىي ئىسپاتلارنى تاپقان تەقدىردىمۇ، جىنايەتچىنى تۇتقىلى بولۇشى ناتايىن. قاياققا كەتكەنلىكىنى بىلمىگەن جىنايەتچىنى ئىزدەشتە، جىنايەتچىنىڭ سۈرىتىنى كېسىپ ئۆلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

ئىلگىرى، جىنايەتچىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىنىڭ تەسۋىرلىشىگە ئاساسەن ئۇنىڭ چىراي ئالاھىدىلىكى ئىگىلىنەتتى. ھازىر رەسىمنى بىرلەشتۈرۈش تېخنىكىسى قوللىنىلىدۇ. ساقچى تەرەپ جىنايەتچىنىڭ باش قىسىم رەسىملىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇلارنى ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

كۆزى بىلەن كۆرگۈچىگە كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن يۈز كىپتى، كۆزى، ئاغزى، ئېڭىكى ۋە بۇرنى قاتارلىق ئەزالىرى بەك ئوخشايدىغان رەسىملەر تاللاپ ئېلىنىپ، جىنايەتچىگە ئوخشايدىغان بىر پارچە رەسىم ئىشلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنى گېزىت - تېلېۋىزورلاردا ئېلان قىلىپ، ياكى يول ئېغىزلىرىغا چاپلاپ، شەھەر خەلقىنىڭ ھەمكارلىقى قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. لېكىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچى جىنايەتچىنى كۆرگەندە، جىنايەتچى ئالاقزادە بولۇپ يۈرگەچكە، ئەسلىمە ئانچە ئېنىق بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جىنايەتچى قېچىپ يۈرگەندە ئادەتتە قىيابەت ئۆزگەرتىپ تۇرغاچقا، مۇنداق رەسىملەرگە بەك ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئۇنداق بولمىسا، ئاخىر تۇرۇشقا تەسىر يېتىدۇ.

# 26

## ئۆز ئاغزىدىن تۇتۇلماق

ئارا يولدا بولاڭچىلىق ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بىر ئۇنچە -
مەرۋايىت دۇكىنى بۇلاندى. غوجىدار ساقچىلارغا: «بولاڭچى كې-
چىلىك مۇراسىم كىيىمى كىيىۋالغان بىر ئەر بولۇپ، بىر تاك-
سىنى بۇلاپ شەرققە قاچتى» دېدى.

ساقچىلار دەرھال قوماندانلىق مەركىزىگە دوكلات قىلىپ،
يول ئېغىزلىرىدىكى گۇمانلىق ماشىنا ۋە كەچلىك مۇراسىم
كىيىمى كىيگەن ئەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى تەلەپ
قىلدى.

10 مىنۇتتىن كېيىن قوماندانلىق مەركىزى رازۋېدكىچىلار
باشلىقى مالنى بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى.

مال يېتىپ كەلگەندە، ھېلىقى ئەر ئۆزىنى توسقان قاتناش
ساقچىلىرى بىلەن كەسكىن مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى. «سىلەرنىڭ
يولسىز قىلمىشىڭلار مېنى مۇھىم ئىشتىن قويدى» دەيتتى ھې-
لىقى ئەر.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى مال خىزمەت كىنىشكىسىنى كۆر-
سەتكەندىن كېيىن: «سىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟» دېدى.

«تويغا كېتىپ بارىمەن.»

«كەچلىك مۇراسىم كىيىمى كىيىۋالغان بىر ئادەم بىر ما-
گىزىننى بۇلاپتۇ، سىز...»


«ئۇنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار» دېدى ھېلىقى ئەر

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

ئاچچىق بىلەن، «ئەگەر مەن ئۇنچە - مەرۋايىت دۇكىنىنى بۇلىغان بولسام، مۇشۇنداق مەردانە تۇرالايتتىممۇ!»

«سىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەردانە ئىكەنسىز، قورۇق گەپنى ئاز قىلىڭ، سۇكۇت قىلسىڭىز بولىدۇ، دېگەنلىرىڭىز سوتتا ئىسپات بولىدۇ. سوتقا بارغاندا نېمە دەيسىزكىن قېنى!» دېدى رازۋېدكىچىلار باشلىقى.

### جاۋابى:



# 27

## ئاغمىخانىنىڭ سەكرىشى

دەريا بويى يولىدا نامسىز بىر ئايال جەسەت بايقالدى.

ساقچىلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ 3 كۈن ئاۋال ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بايقىدى. بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىققا ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلۈش گۇمانلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىندى. ئاخىرىدا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى باشقا جايدا ئۆلتۈرۈلۈپ، مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ قويۇلغان دەپ ھۆكۈم قىلىندى.

ساقچى تەرەپ دەرھال تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى.

بىر دېۋانە مۇنداق دېدى: «بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا دېلو سادىر بولغان يەرگە يېقىن جايدا يېشىل رەڭلىك، سايىۋەنلىك بىر ماشىنا توپا يولغا ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئادەم يوق بولسىمۇ، كانايدىن «تىت ــ تىت» قىلغان ئاۋاز توختىماي چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يېقىن بېرىپ قارىسام، بىر ئاغمىخانىنىڭ ئارقا پۇتى كانايىنىڭ سىمىغا ئىلىنىپ قېلىپ، تىركەشكىلى تۇرۇپتۇ. مەن ماشىنىنىڭ ئىچىدىن پۇلغا يارىغۇدەك بىر نەرسە تاپالماي كېتىپ قالدىم. لېكىن ماشىنا نومۇرىنى بىلمەن.»

ساقچىلار كومپيۇتېر ئارقىلىق ھېلىقى ماشىنىنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ سوراق قىلدى. ماشىنىنىڭ ئىگىسى دېۋانىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلدى، ھەمدە: «ئۇ كۈنى ئاككۇمۇلياتوردا توك قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ماشىنىنى ئوت ئالدۇرالماي ئاشۇ يەرگە تاشلاپ قويدۇق، لېكىن ئۆرۈۋەتمىدىم،


www.uyghurkitap.com



ماشىنىنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندا، جەسەت يوشۇرغىلى بارمىدىم،»
دېدى.

لېكىن ساقچىلار ئۇنىڭ يالغان گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى جە-
زىملەشتۈردى.

**جاۋابى:**



## مۇزدىن پايدىلىنىش ۋاستىسى

*1. مۇزنىڭ كۆپۈش كۈچىدىن پايدىلىنىش.*

*سۇ سوغۇق بىلەن ئۇچراشسا ئۇنىڭ ھەجمى كېڭىيىدۇ، ئۇنىڭ كۆپۈش كۈچى سۇ تۇرۇبىسىنى يېرىۋېتەلەيدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق كۆپۈش كۈچىدىن پايدىلىنىپ تاپانچىدىن ئوق چىقىرىپ، تەپكىنى ئاپتوماتىك قۇلۇپلاپ قويغىلى بولىدۇ.*

*ئەكسىچە، مۇز ئېرىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەجمى تارىيىدۇ، بۇنىڭدىن مېخانىكا پرىنسىپىغا ئاساسەن پايدىلانغىلى بولىدۇ. مە-سىلەن، چېلەككە مۇز سېلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاختا قويۇپ قويسا، مۇزنىڭ ئېرىشى بىلەن تاختا تۆۋەنگە چۆكىدۇ، مۇشۇنىڭغا تايىنىپ تاپانچىدىن ئوق چىقارغىلى بولىدۇ.*

*2. ئېرىش قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىش.*

*جىسىم ئېرىگەندىن كېيىن سۇيۇقلۇققا ئايلىنىدۇ، يەنىمۇ ئې-رىسە گازغا ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قاتىللىق قىلغاندا، ئىسپاتنى يوقىتىپ، ئىزىنى ئۆچۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئادەمنى ئۈستىدىن بېسىشقا مۇز تاشلاپ ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ، گازنىڭ يۇمشاق شىلانكىسى ئىچىگە مۇز تىقىپ قويسا، مۇز ئېرىگەندىن كېيىن گاز چىقىپ، ئادەمنىڭ زەھەرلەپ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.*

# 28

## قاتىلنى تاپماق قىيىن ئەمەس

كوكولىن داچىسىدا ئىچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلدى. ساقچى يېتىپ كېلىپ، گىلەم ئۈستىدىكى جەسەتنى تەكشۈردى.

«ئۇ بېشىغا بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ بېشىغا ئاز دېگەندىمۇ 4 ـ 5 قېتىم تەگكەن» دېدى ساقچى باشلىقى ۋىليام.

جەسەتنىڭ ئاستىدىن بىر تاپانچا تېپىلدى، تاپانچىنىڭ تۇتقۇچىغا چاچ ۋە قان چاپلىشىپ قالغانىدى، ۋىليام تاپانچىنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ ـ توزاڭلارنى پۈۋلىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن بارماق ئىزى ئالدى.

«ئۇنىڭ ئىرى پىچقا تېلېفون بېرىڭلار» دېدى ۋىليام.

«خوپ، باشلىق.»

قوتقۇزۇش ماشىنىسى كېتىپ تۇرۇشىغا، پىچ ئالاقزادە ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە «نېمە ئىش بولدى؟ كوكولىن قەيەردە؟» دېدى.

«مەن سىزگە دېمىسەم بولمايدۇ، ئايالىڭىز ئىككى سائەتنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ» دېدى ۋىليام، «ئوغلىڭىز ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىدىن جەسەتنى بايقاپ، بىزگە مەلۇم قىلدى.»

«مەن تاپانچا ئۈستىدىن بارماق ئىزى تاپالمىدىم» دېدى ۋىليام سولياۋ خالتىدىكى تاپانچىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ «قارىغاندا تېخىنكا بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بەرمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ.»

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

پىچ تاپانچىنى كۆرۈپ يۈزلىرى لىپىلداپ كەتتى، ئۇ ئىنتايىن ھاياجانلىنىۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ساقچى باشلىقىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا: «ئەگەر ئايالىمنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تاپالىسىڭىز مەن 50 مىڭ دوللار بېرىشكە رازىمەن» دېدى.

«پۇلىڭىز تېجىلىپ قالسۇن» ساقچى باشلىقى ۋىلىيام سوغۇققىنا قىلىپ شۇنداق دېدى «قاتىلنى تاپماق قىيىن ئەمەس.»

جاۋابى:

پىچ قاتىل بولمىسا، ئايالىنىڭ تاپانچا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ تاپانچىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كاللىسىدا ساقچىلاردا ئايالىم تاپانچا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن تونۇش بار دېگەن ئىنكاس پەيدا بولغان. شۇڭا پىچ دېگەن بۇ قاپاقباش ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويغان. ھەركىم قىلغىنىغا يارىشا جاۋابقا ئېرىشىدۇ دېگەن شۇ - دە.

# 29

## بخەتەر ئىشكاپنى نېمشقا ئاچقىلى بولمايدۇ

جىم ناھايىتى پۇلدار ئادەم بولۇپ ھېچكىمگە ئىشەنمەيتتى، شۇڭا ئۇ پۇللىرىنى ئەزەلدىن بانكىدا قويماي ئۆزى بىخەتەر ئىشكاپ سېتىۋېلىپ، شۇنىڭدا ساقلايتتى، بۇ كىشىنى ئەتراپ-تىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى.

زەھەرگە ئۆگىنىپ قېلىپ قاقسەنەم بولغان بىر ئەر بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئۇزۇن بولماي، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇربۇندىن بىرنى تېپىپ جىم بوۋاينىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى. 15 كۈن كۆزەتكەندىن كېيىن بۇ ياش پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى، دەپ قاراپ، ئۆزى ئېرىشكەن مەخپىي نومۇرغا ئاساسەن بوۋاينىڭ پۇلىنى ئوغرىلاشقا باردى.

ئۇ بوۋاينىڭ بىخەتەر ئىشكاپنى قويغان ئۆيىگە كىرىپ، تارتمىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، ئۆزى كۆرگەن تەرتىپ بويىچە ئىشكاپنىڭ نومۇرىنى توغرىلاپ، ئاچقۇچ سالدى، لېكىن ئىشكاپ ئىشىكى مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي تۇرغاندا، بىرسى: «ھەي، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟» دېدى.

ئۇ كەينىگە قاراپ، جىمنىڭ ئىككى ساقچى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى، قولىغا كويزا سېلىندى ئۇنى ساقچىلار ئېلىپ ماڭمىدىغان چاغدا: «جىم، دەڭە بۇ ئىشكاپ نې-

مىشقا ئېچىلمايدۇ؟» دېدى. بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، نومۇرنى توغرىلاپ، ئاچقۇچنى سېلىپلا ئاچتى.

«مەنمۇ ئاشۇ نومۇرلارنى توغرىلىغان ئىدىم، لېكىن مەن نېمىشقا ئاچالمايمەن؟»

جاۋابى:

جەم بوۋاي ئەسلى بىخەتەر ئىشكاپنى قۇلۇپلاشنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ھېلىقى ياش نومۇرنى توغرىلىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ ئاچقۇچنى تولغىغان ۋاقىتتا، بىخەتەر ئىشكاپ ئېتىلىپ قالغان، شۇڭا ئۇ ئاچالمىغان.

# 30

## خاتا كرىپ قاپتىمەن

پوچتا ماركىسى توپلاش ھەۋەسكارى سام تاغا تىنچ ئوكياندىكى بىر ئارال دۆلىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن ماركا توپلاش يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىلىش بىر نەچچە كۈن داۋاملاشتى. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئەزالار ئارا ماركا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بولۇپ تۇردى.

سام تاغىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش مېھمانخانىنىڭ 3 - قەۋەتىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ تۇردى. بۇ تۆت قەۋەتلىك مېھمانخانىنىڭ 3 -، 4 - قەۋىتى يالغۇز كىشىلىك ئۆي بولۇپ، 2 كىشىلىك ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى 2 - قەۋەتتە ئىدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا سام تاغا غاڭزىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ياتىقىغا كىردى. ئۇ ياتاققا كىرىپ ئىشىكنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، غاڭزىسىنى ئىزدىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئىشىك چېكىلدى، تىڭشاپ بېقىۋىدى شەپە چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن كارى بولماي يەنە غاڭزىسىنى ئىزدىدى. بىردەمدىن كېيىن ئىشىك ئاستا ئېچىلدى، ئۇ بايا كىرگەن چاغدا ئىشىك مەھكەم ئېتىلمىگەنىدى.

ئىشىك ئېچىلىپ بىر ياش ئاستا كىرىپ كەلدى، ئۇ سام تاغىنى كۆرۈپ توختاپ، كېكەچلەپ تۇرۇپ: «كەچۈرۈڭ، خاتا كىرىپ قاپتىمەن!» دېدى.

«ھېچقىسى يوق، بۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ!» دېدى

سام تاغىمۇ ئەدەپ بىلەن.

ھېلىقى ياش سام تاغىنىڭ ياتىقىدىن چىقىپ، ئۇدۇل ئۇسىتىگە چىقىپ كەتتى. سام تاغا ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى، ئۇنىڭ قارىسى يوقىتكەندىن كېيىن، سام تاغا ئويلاپ ئولتۇرمايلا ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ئۇ بۇ ياشنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلغانىدى!

10 مىنۇتتىن كېيىن ساقچىلار مېھمانخانىغا كېلىپ، ھېلىقى ياشنى قولغا ئالدى. ساقچىلار ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ، ئوغرىلىغان نەق پۇل، قىممەت باھالىق زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە بىر نەچچە پوچتا ماركىسى دەپتىرى تاپتى. ئۇنىڭدا يەنە ئۆزى ياسىۋالغان ئاچقۇچ قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بارئىدى. بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى.

جاۋابى:

بۇ ياش سام تاغىنىڭ ياتىقىغا كىرىشتىن بۇرۇن، ئىشىكنى چەككەن، ئاندىن 4 ـ قەۋەتكە چىقىپ كەتكەن. 3 ـ، 4 ـ قەۋەت يالغۇز كىشىلىك ئۆي تۇرسا، يالغۇز كىشىلىك ئۆيدە تۇرغان ئادەم ئۆز ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئىشىك چېكەمدۇ؟

شۇڭا بۇ ياشنىڭ «خاتا كىرىپ قاپتىمەن» دېگىنى يالغان.

# 31

## ئاسماندا تور، يەردە قاپقان

بىكىنىڭ ئايالى رازۋېدكىچى شىلىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭ-
دىن ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن ئېرىنى تېپىپ بېرىشنى
ئۆتۈندى.

ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا، زەركارنىڭ ئېرىدىن ناھايىتى كۆپ پۇل
قەرز ئالغان نىكىنىڭ دېيىشىچە، بىر فار - فۇر خۇمدىنىنى قۇر-
ماقچى ئىكەن. ئۇلار ياخشى دوستلاردىن بولغاچقا ھۆججەت يې-
زىشمىغان ئىكەن، نىك بىر يىلدىن كېيىن قايتۇرىمەن دېگەن
ئىكەن، لېكىن ھازىرغىچە كەينىگە تارتىپ قايتۇرماپتۇ.

تۈنۈگۈن كەچ نىك تېلېفون بېرىپ بىكنى چاقىرىپ پۇلۇڭ-
نى قايتۇرۇپ بېرىمەن دەپتۇ، بىك شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەل-
مەپتۇ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئىز - دېرىكى يوق ئىكەن. رازۋېدكى-
چى بىكىنىڭ ئايالىدىن ئېرىنىڭ چىشىنىڭ ساغلاملىقى، زىبۇ -
زىننەت تاقاش ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن، ياردەمچىلىرىنى
باشلاپ، نىكىنىڭ خۇمدىنىغا كەلدى.

نىك تۈنۈگۈن كەچتە بىكقا تېلېفون بېرىپ چاقىرتقانلىقىنى
ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن،
سائەت 10 لاردا بىكنى ئۇزىتىپ قويغانلىقىنى، بۇ ئىشقا تام
قوشنىسى مېۋە - چېۋە سودىگىرى دىلسۇنىنىڭ گۇۋاھچى بولالاي-
دىغانلىقىنى ئېيتتى.


«ئەگەر يەنىلا خاتىرجەم بولالمىساڭلار ئاختۇرساڭلار بولىدۇ.

تۇنۇگۇن كەچ ئۆزۈنراق ئىشلىگەن ئىدىم، ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇم، مەن كىرىپ ئارام ئالاي.»

رازۋېدكىچىلار ئىككىنىڭ تۇنۇگۇن كەچتە ياسىغان فار - فۇرلىرىنى تەكشۈرۈۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن بىرنەچچىنى ئۆردۈۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر نەرسە كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

ئويلىمىغان يەردىن بايقىلىپ قالغان بۇ نەرسىگە ئاساسەن، رازۋېدكىچىلار ئىككىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ئىسپاتنى تاپتى.

جاۋابى:



# 32

## مايمۇن ئويۇنى ئويناتماق

شۇمۇ بىر ھىيلىگەر ئەتكەسچى بولۇپ، تاموژنا ساقچىلىرى يېتەرلىك ئىسپات تېپىپ ئۇنى قانۇن تورىغا چۈشۈرمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭدىن زادىلا ئېۋەن تاپالماي كېلىۋاتاتتى. تېخى ھەر قېتىم تاموژنا ساقچىلىرىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ يۈرەتتى.

ئەنگلىيە مانچېستىر تاموژنىسى مەلۇماتقا ئاساسەن، ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ئەتكەس ئۈنچە - مەرۋايىتنى يۆتكىمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

تاموژنا خادىملىرى نازارەتنى كۈچەيتتى. شۇمۇ ئۆزىنىڭ ئالىي پىكاپىنى ھەيدەپ، مەغرۇر قىياپەتتە تاموژنىغا كىرىپ كەلدى. تاموژنىدىكىلەر ئۇنىڭ ماشىنىسىنى ئاختۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ساندۇق تاپتى، شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار ساندۇقلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈردى، نەتىجىدە، ئەتكەسچىلىككە ئىنتايىن ماس كېلىدىغان بۇ ساندۇقلارنىڭ ئىچىدىن ئادەتتىكى بوتۇلكا، قۇتىلار چىقتى، بۇ نەرسىلەر ئەتكەسچىلىككە كىرمەيتتى.

تاموژنا ساقچىلىرى بۇنىڭدىن بەك بىئارام بولدى، ئۇلار كالللىسىنى يېرىپ كۆرسىمۇ بۇ ئەبلەخنىڭ تاموژنىدىن كىرىپ - چىقىپ يۈرۈپ، ھېچنەرسە ئەتكەس قىلمايدىغانلىقىنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

يىپ ئۇچى خاتا ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ماشىنىسىدىن ئەتكەس مال تېپىلمىغىنىمۇ ئەمەلىيەت ئىدى.

ئۇلار ئامالسىز ئاخىرى مەشھۇر رازۋېدكىچى فوكتىن ياردەم سورىدى. فوك شۇمۇنى نازارەت قىلغان سىنىئالغۇ لېنتىسىنى ئەستايىدىل كۆرگەندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ، تاموژنا باشلىقىغا مۇنداق دېدى: «سىلەرمۇ بەك جىددىيلىشىپ كېتىپسىلەر، بۇ شۇنداق ئېنىق ئەتكەسچىلىك تۇرسا، سىلەر بۇ ئىشنى قانداق قىلىپ قويدۇڭلار، ھە؟»

«بۇ گەپچە؟»

فوك كۈلۈپ تۇرۇپ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردى، تاموژنا باشلىقى ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ئىششىتىۋەتتى.

**جاۋابى:**

[illegible]

# 33

## ئېرىمەيدىغان مۇز

خىمىيە ئالىمى كاتىنىڭ ئايال غوجىدارى ئۆلدى.

رازۋېدكىچى فوك كاتىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تەكشۈردى.

كات ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن فوكنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، نېمە ئىچىسىز دەپ سورىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن قايغۇرغان ھالدا رازۋېدكىچىغا بىر رومكا ۋىسكى قۇيۇپ، توڭلاتقۇدىن مۇز ئېلىپ رومكىغا سېلىپ، رازۋېدكىچىغا ئۇزاتقاچ لىپىلداپ كۆيۈۋاتقان شام يورۇقىدا، مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى رازۋېدكىچىغا سۆزلەپ بەردى.

«مەن خىمىيە بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئادەم، شۇڭا ئادەتتە يېرىم كېچىگىچە تەجرىبىخانىدا بولىمەن. تۆت كۈننىڭ ئالدىدىكى بىر ئاخشىمى مەن تەجرىبە ئىشلەۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز توك توختاپ قالدى. بۇ تەجرىبە بەك مۇھىم بولغاچقا، شام ياندۇرۇپ ئىشلىدىم. بۇگۈن ھالقىلىق پەيت ئىدى، ئىككى سائەتنىڭ ئالدىدا، ئەمدىلا يېرىم كېچىدىن ئاشقان چاغ ئىدى، مەن بۇ يەرگە كېلىپ، تەجرىبە ئىشلىمەكچى بولۇپ، شام ياندۇرۇپ تەييارلىق قىلدىم، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا لۇش ئارقامدىن يۇگۇرۇپ كېلىپ، ماڭا زەربە بەرمەكچى بولدى. مەن ھازىر پەرەز قىلسام ئۇ مېنى ئوغرى دەپ قالغان چېغى، لېكىن مەن ئۇنى بۇلاڭچى دەپ قاپتىمەن. ئۇ روداۋ ئۆگەنگەن بولۇپ، مۇشتلىرىمۇ بەك قاتتىق ئىدى، قاراڭغۇدا مېنى ئۇرۇۋاتقان ئادەمنى ئەر دەپ ئويلاپ قاپ-

تىمەن. مەن ئۇنى بىرنى ئۇرۇپ يىقىتمۇەتتىم، ئۇ تام مەشىنىڭ يېنىغا يىقىلىپ، بوينى قاتلىشىپ قالدى. مەن سىزنى ئاڭلىغان، شۇڭا سىزگە تېلېفون بېرىپ چاقىرىپ كەلدىم.»

«نېمىشقا سىز» دېدى رازۋېدكىچى فوك، «ئەگەر مېنى يالغانلىرىڭىزغا ئىشىنىدۇ دەپ چاقىرغان بولسىڭىز، ساقچىلار سىزنى سوراق قىلىشتىن بۇرۇن، بۇ ھېكايىڭىزنى قايتىدىن توقۇپ چىقمايسىز؟»

رازۋېدكىچى نېمىگە ئاساسەن كاتىنىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى؟

جاۋابى:

ئەگەر توك توختاپ قالغىلى تۆت كۈن بولسا، توڭلاتقۇدىكى مۇز ئېرىپ سۇ بولۇپ كەتمەمدۇ.

# 34

## قىزىل رەڭلىك كۆزەينەك

Y دۆلەتتىكى مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى يىمەنىيۇ قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى كېچىدە، ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنىڭ پەلەمپىيىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى.

ساقچىلار كېلىپ ياتاق بىناسىدىكى بارلىق كۆرگۈچىلەر ۋە ياتاق باشقۇرغۇچىلاردىن ئەھۋال ئىگىلىدى.

بۇ بىنا 5 قەۋەتلىك كونا بىنا بولۇپ، پەلەمپەي بىنانىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىنا خىزمەتچىسى ساقچى باشلىقىنى باشلاپ پەلەمپەينى تەكشۈرگەچ مۇنداق دېدى: «بىچارە قىز مۇشۇ يەردە يىقىلغان، ئۇ سۇ ئازگىلىغا يىقىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ كىيىملىرى لاي بولۇپ كەتكەن، ئۇ كۈنى كەچتە يامغۇرمۇ بەك قاتتىق ياغقان، ئۇنىڭ كۆزەينىكى يەرگە چۈشۈپ، بىر كۆزى چېقىلىپ پاتقاققا چۈشۈپ كېتىپتۇ.»

«كۆزەينەك؟ يىمەنىيۇ يىراقنى كۆرەلمەمتى؟»

بىنا خىزمەتچىسى بېشىنى لىڭشىتتى.

يىمەنىيۇنىڭ ياتىقى كارىدورنىڭ بىر چېتىدە بولۇپ، پەلەمپەيدىن يىراق ئىدى. ئۇنىڭ ياتاقداشلىرى دەرسكە چىقىپ كەتكەنىدى.

«مارى ئىتتىرىۋەتكەنمىدۇ؟» ساقچى باشلىقى مارىنىڭ يىمەنىيۇنى ئەڭ بۇرۇن كۆرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇنداق ئويلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«شۇ كۈنى ئاخشىمى، يىمەننىيۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىن، مارى ئەڭ بۇرۇن يۈگۈرۈپ چىققان، ئاندىن ئۇ باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن دېدى بىنا خىزمەتچىسى.

«شۇ چاغدا مارى قەيەردە ئىكەن؟»

«يىمەننىيۇ ئۇخلاش كىيىمى بىلەن ياتاقتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەن، كېيىن مارى ۋە باشقا قىزلار ئۇنىڭ كەينىدىن چىققان، لېكىن ئۇلگۈرەلمىگەن، يىمەننىيۇ خۇدىنى يوقىتىپ، پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشكەن.»

«ھەي، كۆزەينەك بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟»

ساقچى باشلىقى تارتمىنى رەتلەۋېتىپ قول ياغلىققا ئوراقلىق كۆزەينەكنى كۆردى، ئۇنىڭ بىر كۆزى چېقىلغان ئىدى، ساقچى باشلىقى كۆزەينەكنى ئېلىپ، كۆن نۇرىغا تۇتۇپ كۆردى.

«ئازراق سۇ تېپىپ كەلسىڭىز بوپتىكەن.»

بىنا خىزمەتچىسى ھاجەتخانىدىن سۇ ئېلىپ چىقتى، ساقچى باشلىقى كۆزەينەكنىڭ سۇنمىغان كۆزىنى چىقىرىۋېلىپ، ئەينەك جازىسىنى سۇغا چىلىغان ئىدى، سۇدا قىزىل رەڭ پەيدا بولدى.

«مېنىڭچە سىر يېشىلدى، يىمەننىيۇ چۈشەكەپ يىقىلغان بولماستىن، بەلكى باشقىلار تەرىپىدىن مەقسەتلىك ئۆلتۈرۈلگەن!»

«قاتىل كىم؟ بۇ قىزىل سۇيۇقلۇق نېمە؟» بىنا خىزمەتچىسى چۈشىنەلمەي سورىدى.

ساقچى باشلىقى بارلىق كۆرگۈچىلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلدى. جون بىلەن مايكىل يىمەننىيۇنىڭ ئەڭ ياخشى دوستلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يىمەننىيۇنىڭ ئۇتتىن قورقۇش كېسىلى بارلىقىنى بىلمەيدىكەن. مارىدىن ئەھۋال ئىگىلىگەندە، مارى مۇنداق دېدى:

«يېرىم كېچە، سائەت بىر ئەتراپىدا، يىمەننىيۇ تۇيۇقسىز

چۈشىدىن ئويغىنىپ (ئوت كەتتى! ئوت كەتتى!) دەپ ۋارقىرىغىنىچە كارىدورغا قاراپ يۈگۈردى، نەتىجىدە، پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ چۈشىدە ئوت كېتىپ چۈشكەن بولسا كېرەك.»

ساقچى باشلىقى ئاڭلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە: «مارى، سىز ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىندىڭىز» دېدى.

جاۋابى:

مارى يەنىنيۇنىڭ ئوت ئاپىتىدىن قورقۇش كېسەللىكى بارلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ يەنىنيۇ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ كۆزەينىكىگە قىزىل سىياھ سۈركەپ تاقاپ قويۇپ، ئاندىن ئاستا: «ئوت كەتتى! ئوت كەتتى!» دەپ ۋارقىراپ يەنىنيۇنى ئىلگىشىپ ئويغاتقان.

يەنىنيۇ ئويغىنىپلا قىزىللىقنى كۆرۈپ، خاتا ھالدا ئوت كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئالدىراپ كارىدورغا قاچقان ۋە ئېھتىياتسىزلىقتىن پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


# 35

## ۋاقىتتا ئاساسەن ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش

گىرىم گۇللۇكىدە تۇيۇقسىز ئوت ئاپەتتى يۈز بەردى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئوپېراتور فىلىپ، ئوت ئۆچۈرگۈچنى ئېلىپ، ئىككىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان دوستى ژۇلىتتانىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى، ئىس - تۈتەك قاپلىغان ئۆيدە، ئۇنىڭ دوستى ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن ئىدى. فىلىپ ژۇلىتتانى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ كۆيۈپ ئەمەس، باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بايقاپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ بېشىدا يوغان بىر تۆشۈك بولۇپ، قاتىللىق قورالى — گولف توپ كالتىكى ئۇنىڭ يېنىغا تاشلاقلىق تۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئوت بەك ئۇلۇغ، ئۆي ئىچى قالايمىقان بولۇپ، تام سائىتىمۇ يەرگە چۈشۈپ كېتىپ توختاپ قالغانىدى. بۇ سائەت ئېھتىمال قاتىل قاتىللىق قىلىۋاتقاندا چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

شۇڭا، سائەتنىڭ ھازىر كۆرسىتىپ تۇرغان ۋاقتى قاتىللىق قىلىنغان ۋاقىت بولۇشى مۇمكىن. ئوت ئۇلۇغ بولغاچقا فىلىپ ژۇلىتتانى ئېلىپ چىقىپ كېتەلمەي، سائەتنى ئېلىپ چىقىپ كېتەي دېدى - يۇ، لېكىن بۇنىڭ نېمە پايدىسى دەپ قاراپ، دەر-ھال نەق مەيداننى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ، بۇ يەردىن چىقىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

ئۇ تارتىۋالغان سۈرەت دېلو پاش قىلىشنىڭ مۇھىم يىپ ئۇچى ئىدى، چۈنكى سۈرەتكە سائەتنىڭ بىر قىسمىلا تارتىلغان

بولۇپ، سائەتنىڭ ئۇزۇن ئىستىرېلكىسى بىلەن قىسقا ئىستىرېلكىسىنىڭ ئارىلىقى دەل ئىككى بەش مىنۇت ئارىلىق پەرق قىلىپ تۇراتتى. مۇنداق بولغاندا سائەتنىڭ كۆرسەتكەن ۋاقتىنى بېكىتكىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

شۇڭا ساقچىلار ئۈمىدسىزلەندى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن يېتىپ كەلگەن رازۋېدكىچى فوك رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن: «ساقچى ئەپەندىم، كاللا ئىشلەتسىڭىزلا مۇشۇ رەسىمگە ئاساسەن توغرا ۋاقىتنى ھۆكۈم قىلالايسىز» دېدى. ئاندىن ئۇ سائەت كۆرسەتكەن توغرا ۋاقىتنى ئېيتىپ بەردى.

**جاۋابى:**

سائەتنىڭ ئۇزۇن، قىسقا ئىستىرېلكىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىككى بەش مىنۇت ئارىلىق پەقەت 4 دىن 24 مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىت ياكى 7 دىن 36 مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىت بولىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ سائىتى بىلەن سىناپ كۆرۈڭ. گەرچە باغچىسىغا ئوت كەتكەن چاغ قاش قارايغان چاغ بولغاچقا، قاتىلنىڭ قاتىللىق قىلغان ۋاقتى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 7 دىن 36 مىنۇت ئۆتكەن چاغ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 36

## يوچۇق

يېتەي گۇرۇھىنىڭ خوجايىنى جامۇس ئايروپىلان كۈتۈش زالىنىڭ مۇزىكىلىق چايخانىسىدا پىچاق تىقىپ نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈلدى.

گۇمانلىق جىنايەتچى دولىن 10 مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى.

سوراق خاتىرىسى رازۋېدكىچى خۇسەيگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇ سوراق خاتىرىسىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ بولۇپ، دولىننى سوراق قىلىشقا باشلىدى: «يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 ئەتراپىدا، سىز ئايرودورومنىڭ مۇزىكىلىق چايخانىسىدا ئايروپىلان ساقلاپ ئولتۇرغانمۇ؟»

«ھەئە، شۇنداق.»

«سىز ئەينى ۋاقىتتا، سىز بىلەن بولغان ئارىلىقى 2 مېتىر كەلمەيدىغان يەردە ئولتۇرغان بىر ئادەمنىڭ پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟»

«كۆرمىدىم، مەن شۇ چاغدا شۇ كۈنلۈك گېزىتنى ئوقۇپ ئولتۇرغان ئىدىم.»

«مۇزىكىلىق چايخانىنىڭ كۈتكۈچىسى سىزنى ئېسىدە تۇتۇۋاپتۇ. سىز شۇ چاغدا بەك ئالدىراش ئىكەنسىز، سىز ئۇنىڭغا چوڭ پۇلدىن بىرنى بېرىپ، قايتۇرۇشنى كۈتمەيلا ماڭماقچى بولۇپسىز.»

«ئايروپىلانغا ئۈلگۈرۈشۈم كېرەك ـ تە.»

«سىز ۋاقىتقا دىققەت قىلىپسىز، لېكىن يېنىڭىزدىكى ئادەمنىڭ كۆكرىكىگە پىچاق سانجىلغانلىقىغا دىققەت قىلماپسىزغۇ؟»


«مەن كۆرسەممۇ كۆرگەندىمەن، لېكىن ئەستايىدىل قارىماپتىمەن.»

«ئۇنىڭ بىر نەرسە سورىغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟»

«ئاڭلىغاندىمەن، لېكىن ئېسىمدە قالماپتۇ. چۈنكى كەچلىك گېزىتنىڭ قوشۇمچە بېتىدىكى بىر ئالاھىدە خەۋەر بەك تەسىرلىك ئىكەن. مەن گېزىتنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتىمەن، گېزىتنى ئوقۇپ بولۇپ قارىسام، ئايروپىلاننىڭ ئۇچىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ.»

رازۋېدكىچى سوراپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆز ـ ئۆزىگە: «يالغان گەپ قىلغانلار جازالىنىدۇ!» دەپ قويدى. روشەنكى، گۇمانلىق جىنايەتچى قويرۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويغان بولۇپ، رازۋېدكىچى ئۇنىڭ گەپلىرىدە يوچۇق بارلىقىنى كۆرۈپ يەتكەندى.

جاۋابى:



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 37

## چايكا يەپ ئۇچى

جىڭشاڭ كېپىنەك ئەۋرىشكىسى يىغقۇچى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ سىرتتىن قايتىپ كېلىپ، كاتىپىنىڭ پەرىشان ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سورىدى. كاتىپ: «بايا-تىن دېڭىز بورىنى چىقىپ، سىز سىرتتىن يىغىپ كېلىپ، ماڭا قۇرۇتۇپ قويۇڭ، دەپ تاپىلىغان كېپىنەكلەر ئەۋرىشكىسىدىن بىرنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى، مەن قوغلاپ يېتەلمىدىم» دېدى.

جىڭشاڭ بۇنى كاتىپتىن كۆرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزى-مۇ مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى-يۇ، لېكىن، ئۇ ناھايىتى كەم تېپىلىدىغان ئەۋرىشكىلەر بولغان-لىقى ئۈچۈن، كۆڭلى غەش بولدى.

ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەن لىۇبىنمۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «نېمىگە بۇنداق قايغۇرىسىز چۈشۈپ كەتتى؟» دەپ سورىدى. لىۇ بىنمۇ جىڭشاڭنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دېڭىز تەرەپتىكى دېرىزە بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى دېرىزىگە قارىدى، ئاندىن: «قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟» دېدى.


«يېرىم سائەتنىڭ ئالدىدا.»

لىۇبىنمۇ ئۆيدىن چىقىپ دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئەستايىدىل ئويلاندى، بۇ چاغدا بىرنەچچە چايكا ئۇلاردىن ئۇركۇپ ئۇچۇپ كەتتى، چايكىلارنىڭ ئىزىدىن قارى-غاندا، چايكا ئۇچقاندا دېڭىزغا يۈزلىنىدۇ، يېرىم سائەتتىن ئىل-

گىرىكى قايىتقان دولقۇن بۇ ئىشلارنى ئۆچۈرۈۋەتمىگەن. بۇ ھال لىۇبىنمۇنى خۇشال قىلىۋەتتى.

«جىڭشاڭجۇن، ئاۋۇ چايكىلارنى كۆردىڭىزمۇ، ئۇ ماڭا سىز-نىڭ ھېلىقى كېپىنەك ئەۋرىشكىڭىزنىڭ يىتىپ كەتمىگەنلىكى-نى ئېيتىپ بەردى» دېدى.

جاۋابى:



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 38

## ئەجەللىك ساياھەت

F دۆلىتىنىڭ كىچىك بىر ساياھەت بازىرىدا، كىشىلەر بىر ئەرنىڭ جەسىتىنى بايقىدى، ئۆلگۈچىنىڭ گېلىدا چوڭقۇر سىدىلغان ئىزدىن باشقا، بويۇن ۋە بەدەنلىرىدە ھېچقانداق بارماق ئىزى ياكى قان دېغى قالمىغانىدى. روشەنكى، دېلو سادىر قىلغۇچى ئىنتايىن تەجرىبىلىك، ھىيلىگەر قاتىل ئىدى.

ئۆلگۈچىنىڭ نەرسىلىرىدىن قارىغاندا ئۇ D دۆلىتىدىن كەلگەن ساياھەتچى ئىدى.


ساقچىلارنىڭ رايى بولمىسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قېتىم ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئايىغىدىكى توپا ئارىسىدىن سېرىق، قىزىل ئۇپا قالدۇقلىرىنى بايقىدى. ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتتى، لېكىن بۇ دېلو تېخىچە پاش بولمايۋاتاتتى.

كېيىن ساقچىلار بىر ئەسەبىي قاتىلنى قولغا چۈشۈردى. بۇ قاتىلنىڭ دېيىشىچە ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ ئۆلگۈچىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بارئىدى. لېكىن ساقچىلار ئۇنىڭ ئايىغىنى سالدۇرۇپ تەكشۈرگەندە، ئۆلگۈچىنىڭ ئايىغىدىكى توپىغا ئوخشايدىغان توپا چىقتى. لېكىن بۇ جىنايەتچى بۇنىڭ دېلو بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

ساقچىلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاشۇ ساياھەت بازىرىدا دېلو سادىر قىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى، قاتىل بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ، دېلو سادىر قىلىش جەريانىنى تاپشۇردى.

ساقچىلارنىڭ بۇ دېلونى پاش قىلىشتىكى ئاساسى نېمە؟ ئۇلار نېمىگە تايانغان؟

**جاۋابى:**



## سوراق قىلىش ماھارىتى

سوراق قىلىش رازۋېدكا خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ماھارەت كەم بولسا، رازۋېدكىچىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ.

1. گەپ قىلغاندا ئەدەپلىك بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش.

2. گەپ قىلالىغاندىن ئاڭلىيالىغان ياخشى (قارشى تەرەپنى كۆپرەك سۆزلىتىشكە قارىتىلغان.)

3. كەيپىياتنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئوبيېكت ئائىلىسىدىكى كىچىك باللار ياكى ئىت، مۈشۈكلەر بىلەن ئويناش.

4. مۇھىم ئىشلارنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن سوراپ ئايدىڭلاشتۇرۇش.

5. كۆچلۈك ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش، يۈزتۇرانە خاتىرىلىمەسلىك.

6. ھەرقانداق سۆھبەتنى ئاڭلاش.

7. قارشى تەرەپنىڭ گەپ قىلىش ئادىتىگە ئاساسەن، گەپ قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 39

## ئېغىرلىققا ئاساسەن دېلو پاش قىلىش

لەيسىنىڭ ئايالى ئاشخانىدا ئۆلۈپ قالدى.

ساقچىلار گۇماننى لەيس ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ دەسلەپكى سۆيگىنى — ۋاسكېتبول تەنھەركەتچىسى پوپ ئىككىيلەن ئۈس-تىگە مۇقىملاشتۇردى.

لەيس: «ئايالىم ئىككىمىز ناھايىتى ياخشى ئۆتىمىز، تېخى يېقىندا بالىلىق بولۇپ، بۇ خىل مەنىسىز ئائىلە تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغان ئىدۇق. ئىككى سائەتنىڭ ئالدىدا قا-رىسام بىر ياغاچ شوتا قۇرۇق تامغا قىيپاش يۆلەكلىك تۇردۇ. ئۆيگە كىرىپ قارىسام ئاشخانا ئۆيدە ئايالىم ئۆلۈپ يېتىپتۇ. مەن قاتىلنى ئاشۇ يەردىن چۈشۈپ دېلو سادىر قىلدىمىكىن دەپ گۇ-مانلىنىۋاتىمەن» دېدى.

ۋاسكېتبول تەنھەركەتچىسى مۇنداق دېدى: «ئاخشام كېچىچە تالاغا چىقمىدىم، لېكىن بۇنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھچىم يوق.»

ئۇ ساقچىلارنى بىرىپ ئۇچى بىلەن تەمنىلەپ مۇنداق دېدى: «ئۆلگۈچى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ماڭا تېلېفون بېرىپ، يېقىندا ناھايىتى يىراق يەرگە كېتىمەن، دېگەندى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلمىغىلى بەك ئۇزۇن بولغان، شۇڭا ئۇنىڭ گېپىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغانىدىم. بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، تېلېفوندا دېگەن گېپىنىڭ مەنىسىنى ئاندىن چۈشەندىم.»

رازۋېدكىچى چارلى شوتىغا قارىدى، شوتىنىڭ ئۈچى بىلەن تامنىڭ ئارىلىقى 4 ئىنگلىز سوڭى كېلەتتى. ئۇ شوتىغا چىقىپ لەيسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ، شوتىنىڭ ئۈچى بىلەن قورۇق تامنىڭ ئۈستى ئارىلىقى 6 ئىنگلىز سوڭى كېلىدىغانلىقىنى بايقىدى.

ئۆلگۈچى زادى قانداق ئۆلگەن؟ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنمۇ يا-كى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانمۇ؟

**جاۋابى:**

ئۆلگۈچى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. رازۋېدكىچىنىڭ ئې-غىرلىقى شوتىنى ئىككى ئىنگلىز سوڭى تۆۋەنلىتىۋەتكەن، شۇڭا شوتا ۋاسكېتبول تەنھەرىكەتچىسىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاسكېتبول تەنھەرىكەتچىسى گۇماندارلار قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلدى. دېمەك شوتا قاتىل تەرىپىدىن ساقچىلارنى ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن قويۇپ قويۇلغان بو-لۇپ، بۇنىڭدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەھلىل قىلساق لېيس قاتىل بولۇپ چىقىدۇ.

## ئاۋاز تەكشۈرۈش

پارتىلىتىش، تۇتۇپ كېتىش دېلولىرىدا، جىنايەتچى تېلېفون بېرىپ تەھدىت سېلىپ قورقۇتىدۇ. تېلېفوندا پەقەت ئاۋازنىلا ئاڭلايدىغان بولغاچقا، جىنايەتچىنىڭ قورقۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن ئىلىم-پەن تېخنىكىسى ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، ئادەمنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئېنىقلاپ، ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى ـ 2

ھەربىر ئادەمنىڭ ئاۋازى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ، پەقەت «ۋەي، ۋەي» دېگەن قىسقا گەپ بولسىمۇ، ئادەمگە ئاسانلا ئاۋازمۇ ئوخشىمايدۇ، بۇنىڭغا ناھايىتى ئاز يۇقىرى ئاۋاز ۋە تۆۋەن ئاۋاز ئارىلاشقان بولىدۇ. ئاۋازنى لېنتىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا دولقۇن ئەسۋابىغا كىرگۈزگەندە ئاۋازنىڭ ئالاھىدىلىكى خاتىرىلەپ چىقىلىدۇ. بۇ خىل ئاۋاز «ئاۋاز ئىزى» دەپ ئاتىلىدۇ. قوشكېزەكلەرنىڭ ئاۋازى بولغان تەقدىردىمۇ ئاۋاز ئىزىنى تەكشۈرسىلا، ئۇنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

# 40

## ئومۇمىي ساۋادى كەمچىل

جون، پاۋلو، لوك ئۈچەيلەن بىر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ
فىلورىدا ئىشتاتىغا بېرىپ جوننىڭ داچىسىدا ئارام ئالماقچى
بولدى.
بىر كۈنى كەچتە، جون سۇ مەشغۇلاتىدىن خەۋىرى يوق بې-
لىق تۇتۇش ھەۋەسكارى پاۋلونى ئېلىپ، ساياھەت كاتېرىغا ئول-
تۇرۇپ دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى چىقتى. قوش ھەۋەسكارى لوك
ئۆزى ئىختىيار قىلىپ داچىدا قالدى.
جون پاۋلونىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ: «كا-
تېرنىڭ لېۋىدە تۇرۇپ بېلىق تۇتۇۋاتاتتى، دولقۇندا كاتېر لە-
پەڭشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پاۋلو تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالماي
سۇغا چۈشۈپ كەتتى، مەن ئۇنى سۇدىن سۈزۈپ چىققاندا تىنىقى
توختاپ بوپتۇ» دېدى.
لوك مۇنداق دېدى: «مەن داچىنىڭ ئارقىسىدا سالقىندىغاچ
قۇشلارنى كۆزەتتىم. ئەمما قىممىتى باردىن بىرەرنىمۇ ئۇچرى-
تالمىدىم. بىر چاغدا قارىسام ئىككى يەرلىك ئىت جۇپلىشىۋې-
تىپتۇ، ھېلىقى كۈرسۈكنىڭ بۆرەك ئىقتىدارى تۆۋەن بولسا
كېرەك، بىر دەم جۇپلىشىپلا بولدى قىلدى. مۇنداق توغرا كې-
لىپ قېلىشنى دېمەيسىلەر، مەن دۇربۇننى ئېلىپ، مەقسەتسىزلا
دېڭىزغا توغرىلىدىم، قارىسام جون بىلەن پاۋلو كاتېر ئۈستىدە
تۇتۇشۇپ قاپتۇ. جون پاۋلونى سۇغا چۆمدۈرگىلى تۇرۇپتۇ.»

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

جەسەت تەكشۈرۈش دوكلاتى پاۋلونىڭ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. سوتتا، جونىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن لوكىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى زىتلىشىپ قالدى. سوتچى رازۋېدكاچى فوكتىن ياردەم سورىدى.

فوك: «لوكىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى يالغان» دېدى.

جاۋابى:

لوكىنىڭ ئىسپات سۆزى ئۇنىڭ ئىتلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى بىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. روشەنكى ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئەسلا كۆرمىگەن. چۈنكى ئىتلار جۈپلەشكەندە كۆرسۈكىنىڭ زەكىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قانجۇقىنىڭ يېپىشۋېلىشى سەۋەبلىك ئۇزۇنغىچە ئاجرىمايدۇ. شۇڭا لوكىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى يالغان.

# 41

## ساختا پۇل كىمنىڭ

شياڭلەن كوچىسىدا ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان بىر موماي بار، ئۇنىڭ نەرسىلىرىنىڭ تەمى ياخشى بولغاچقا، سېرىق-تال ساياھەت مەزگىلىدىمۇ ئۇنىڭ دۇكىنىغا كېلىدىغانلار ناھا-يىتى كۆپ، بۇلار ئادەتتە چۈپقەتلەر بولۇپ، ساياھەتچىلەر ئاز، كېلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەتراپتىكى كىچىك مېھمانخانىلار-نىڭ مېھمانلىرى ئىدى.

تۈنۈگۈن موماي بازىرىنى يىغاي دەپ تۇرغاندا، دۇكان ئالدى-غا مېھمانخانىدىن چىققان 3 ئادەم كەلدى. باشتا كەلگەن ئادەم 124 يۈەن بەردى، ئۇنىڭ يۈز يۈەنى پۈتۈن، 24 يۈەن پارچە پۇل ئىدى؛ ئارىلىقتىكىسى 219 يۈەن بەردى، ئۇنىڭ ئىككى يۈز يۈە-نى يۈز يۈەنلىكتىن ئىككى پۈتۈن پۇل، 19 يۈەن پارچە پۇل ئى-دى؛ ئاخىرىدىكىسى 374 يۈەن بەردى. ئۇنىڭ 3 يۈز يۈەنى يۈز يۈەنلىكتىن 3 ۋاراق پۈتۈن پۇل، 74 يۈەن پارچە پۇل ئىدى.

3 خېرىدار كەتكەندىن كېيىن، موماي ئۇلارنىڭ بەرگەن پۇللىرىنى جەملەپ قايتماقچى بولىۋېتىپ 731 يۈەن پۇلنىڭ ئىچىدە يۈز يۈەنلىك بىر پۇلنىڭ باشقا پۇللارغا تازا ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. موماي ئۇ پۇلنى ياندىكى پۇل تەكشۈرۈش ماشىنىسىدا تەكشۈرتۈپ كۆرۈۋېدى، دېگەندەك بۇ پۇل يالغان پۇل بولۇپ چىقتى.

موماي دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلدى.

# بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ كەلگەن رازۋېدكىچى جوشىڭخوي مومايىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېھمانخانا مۇلازىمەتچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ھېلىقى 3 ئادەمنى تاپتى. رازۋېدكىچى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تۇتۇپ قالدى.

سوراق نەتىجىسى ساختا پۇل ئىشلەتكۈچىنىڭ نەق مۇشۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

**جاۋابى:**

ساختا پۇل بەرگەن كىشى بىرىنچى بولۇپ كەلگەن ئادەم ئۇنىڭ بەرگىنى يۈز يۈەنلىك بىر پۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا سېلىشتۇرىدىغان باشقا پۇل بولمىغاچقا، دەرھال پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. كېيىنكى ئىككىيلەن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن 2 ياكى 3 نى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ھەقىقىي پۇل بىلەن ساختا پۇلنى بىر يەردە قويسا، رەڭگىنىڭ قېنىق - سۇسلۇقى ئوخشىمىغانلىقتىن ئاسانلا چېنىپ قالىدۇ.

## 42

# دانىشمەننىڭمۇ كەتكۈزۈپ قويىدىغان چاغلىرى بار

سوڭچى كوڭگول قويۇپ پىلانلىغاندىن كېيىن، كېچىلىك كىيىملىرىنى كىيىپ، ئىنس ـ جىنغا تۇيدۇرماي شەنتىيەننىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردى. شەنتىيەن بۇ يەردە ئەمەس ئىدى، سوڭچى شەنتىيەننىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ يورۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىردى.

قىلچە تەييارلىقى بولمىغان شەنتىيەن، ئاۋۇ ئەبلەخنىڭ خەنجەرنى گېلىغا تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قىمىرلاشقىمۇ پېتىنالمىدى.

«شەنتىيەنجۇن، مېنىڭ كىملىكىمنى پەرەز قىلىپ ئۇلتۇرماڭ، مەن بۈگۈن سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزنى چېنىقتۇرغىلى، ماڭا تەئەللۇق بولغان پۇلنى قايتۇرۇپ ئالغىلى كەلدىم.»

«ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئۆلتۇرمەڭ، قانچە دېسىڭىز شۇنچە بېرەي!»

جازانىخور شەنتىيەن، ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە يەنە ئىش تېپىۋالماسلىق ئۈچۈن، ئەتەي بىلمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭدىن جېنىنى تىلەۋاتاتتى.

«جېنىم ئامان قالىدىغانلا بولسا مەن سىزگە 10 مىليون بېرەي.» شەنتىيەن شۇنداق دەپ، 10 مىليون يۈەنلىك بىر پارچە چەكنى كېسىپ بەردى.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى ـ 2

ئۇنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، سوغجى ئۇنى ئورۇندۇقتا باغلاپ قويدى، ھەمدە ئاللىبۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان ۋەسىيەتنامىنى كومپيۇتېر بىلەن بېسىپ چىقىرىپ، ئاندىن كومپيۇتېردىكى ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

ئاندىن شەنتيەنگە ئىمزا قويدۇرغاندىن كېيىن، سوغجى شەنتيەننى قانسىرىتىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆك قان تومۇرىنى كېسىۋەتتى.

كۆڭۈل قويۇپ ياساپ چىقىلغان ساختا نەق مەيدان، ئىمزا قويۇلغان باغاقچە ساقچىلارنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ساقچىلار سوغجى چەكنى پۇلغا ئايلاندۇرغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنى تېپىۋالدى.

ساقچىلار ئۇنى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق تېز قولغا چۈشۈرەلىدى؟

**جاۋابى:**

كومپيۇتېرنىڭ ئېكران سىنئالغۇسى، ئۇنىڭ پۈتكۈل دېلو سادىر قىلىش جەريانىنى خاتىرىلىگەن. ئاندىن كۇنۇپكا تاختىسى ئۈستىدىكى بارماق ئىزىغا ئاساسەن، ساقچىلار تور ئارقىلىق تېزلا تېپىۋالغان ھەم قاتىللىق جىنايىتىنى بېكىتكەن.

# 43

## كەچ سائەت 12

Rose رېستورانىنىڭ ئايال خوجايىنى دۇكانىنى تاقاشتىن ئىلگىرى ساپساقلا ئىدى، لېكىن كىم بىلسۇن ئۇچىنچى كۈنى سەھەر سائەت بىردە ئۇنىڭ ئۆيىدىكى مۇنچىدىن جەستى بايقالدى.

بۇ ئىش ئۇ تۇرغان بىنادا ناھايىتى زور غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

ساقچىلارنىڭ نەق مەيداننى تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ ئايال باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن — ئېھتىمال ئۇنچىكە تانىدەك نەرسە بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن نەق مەيداندا ھېچقانداق قاتىللىق قورالى يوق، ۋاقىت تەخمىنەن كەچ سائەت 12 بولغان چاغ ئىدى.

نەق مەيداندا قېپقالغان ئاياغ ئىزى ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ساقچىلار بىنا خىزمەتچىسى، مۇلازىم چارلى، بۇ يەردە دائىمىي تۇرۇشلۇق ناخشىچى جىك قاتارلىق ئۈچ ئادەمنى گۇماندارلار چەمبىرىكى ئىچىگە كىرگۈزدى.

جەسەتنى بىنا خىزمەتچىسى بايقىغان، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن بىنانى چارلاۋېتىپ، ئىشىكنىڭ قۇلۇپلانمىغانلىقىنى بايقىدىم، ئىشىكنى چەكسەم ھېچ شەپە بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردىم، قارىسام خانىم سافاغا يۆلىنىپ مۈگدەۋې-

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى ـ 2

تىپتۇ، مەن ئۇنى ئاستا مىدىرلىتىپ ئويغاتماقچى بولدۇم، لې-كىن ئۇ ئويغانمىدى. بۇ ئىش ماڭا سەل غەلىتە تۇيۇلدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدىم، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال تېلېفون بېرىپ ساقچىلارغا مە-لۇم قىلدىم...»

رېستوران مۇلازىمەتچىسى چارلى مۇنداق دېدى: «مەن سەھەر سائەت ئىككىدە كېلىپ، ئۇنى ئىزدىگەن، لېكىن ئۇ چاغدا خا-نىم ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن ئىكەن، گۇماندىن خالىي بولۇش ئۈ-چۈن، دەرھال قايتىپ كەتتىم.»

ناخشىچى جىك مۇنداق دېدى: «مەن ناخشا ئېيتىپ بولۇپ ئاغىنىلىرىم بىلەن ھاراق ئىچتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈنۈگۈنلا بىز كۆرۈشۈشكە دېيىشمىگەن، سىلەر مەندىن يەنە قانداق ئىس-پات ئالماقچى!»

ساقچىلار بۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار-نىڭ چىرايلىرىغا قاراپ: «بىنا خىزمەتچىسى ئەپەندىم، خۇپسەن-لىك قىلماي، ئىقرار قىلىڭ!» دېدى.

جاۋابى:

جەسەت 24 سائەتتىن كېيىن قاتىدۇ، بىنا خىزمە-تچىسىنىڭ ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

# 44

## ئەقىللىق موماي

كوتىن خانىمنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغىنىغا 30 يىل بولدى، ئۇنىڭ دادىسى ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگىرى بولۇپ، خانىمغا قالغان مىراس ئۇنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىنىڭ ئۆمۈر بويى يېيىشىگە يېتەتتى.

ئەپسۇس، خانىم توي قىلمىغان بولغاچقا، مىراس ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ بالىسىغا قالاتتى. ئۇ جانبازلىق ئۆگەنمىگەن، كۈن بويى قىمار ئويناپ يۈرۈيدىغان بىر تەييارتاپ ئىدى، قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتسە، خەقلەرگە، مەن ناھايىتى زور بايلىققا ۋارىسلىق قىلىمەن، دەپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن قىمار ئوينايدىغان بىرسى بۇ تەييارتاپ بىلەن خانىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىسپاتلاپ كۆرگەن، نەتىجىدە 5000 فرانك ئۇتتۇرۇۋەتكەنىدى.

بىر كۈنى، خىزمەتكار سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغدا، بىرسى ئۆيگە ئۇسۇپ كىردى. «كىمسەن؟ نېمە ئىش قىلماقچى؟» دېدى موماي. «ئۆلمەيدىغان قېرى، بىخەتەر ئىشكاپىڭنىڭ ئاچقۇچىنى ماڭا بەر، بولمىسا سېنى خالىسانە ھالدا تەڭرى بىلەن كۆرۈشتۇرىمەن» دېدى ئوغرى. «نېمانداق قاپ يۈرەك نېمە سەن، مەندىن ئاچقۇچ تەلەپ قىلىشقا پېتىنغۇدەك...» دېدى موماي سالماقلىق بىلەن.

موماي قولىدىكى توقۇۋاتقان نەرسىنى قويۇپ قويدى، زىخ تۇتقان قولى تىترەيتتى. موماي غەزەپ بىلەن: «نېمىشقا مېنىڭ

ئۇنچە ـ مەرۋايىتلىرىمنى بۇلىماقچى بولىسەن؟» دەپ سورىدى، ئوغرى مەسخىرىلىك كۈلۈپ: «قۇرۇق گەپ قىلما، مېنىڭ سەن ئۆلمەيدىغان قېرىنىڭكىدەك كۆپ بايلىقىم يوق!»

موماي قاتتىق غەزەپكە كەلدى، قوللىرى تىخىمۇ تىترەپ، زىخ قەغەز ئۈستىگە تاق ـ تاق قىلىپ تەگكىلى تۇردى.

ئىككى تەرەپ كەسكىن گەپ تالاشماقتا ئىدى، موماي قولىدىكى زىخ بىلەن قەغەزنى توختىماي ئۇراتتى.

20 مىنۇتتىن كېيىن، ئوغرى تاقەتسىزلەندى، ئۇ موماينىڭ بوينىدىكى ئالتۇن زەنجىر بىلەن ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى ئاچقۇچنى تارتىپ ئالدى ۋە مومايىنى بىرنى تەپتى، موماي ئاجىز ئاۋازدا «ۋايجان!» دېگىنىچە يىقىلىپ چۈشۈپ مىدىرلىمىدى.

ئەتىسى، رازۋېدكىچى قاتىلنى تېپىپ، كوتىن خانىم ئۇنى، ئۇنچە مەرۋايىتلىرىمنى بۇلىدى، دەپ شىكايەت قىلدى دەپ ئېنىق كۆرسەتتى.

رازۋېدكىچى نېمىشقا مۇنداق دەيدۇ؟ ئۇنىڭ قولىدىكى ئىسپات نېمە؟

جاۋابى:

رازۋېدكىچى ھەممە يېرى تېشىلگەن بىر ۋاراق قەغەزگە ئېرىشكەن، بۇ موماي ئەمالار يېزىقى بىلەن يازغان شىكايەتنامە ئىدى، ئۇنىڭغا ئېنى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنىڭ ھەممىسى خاتىرىلەنگەن. ئۇ ئۇسۇپ كىرگۈچى بىلەن تىركىشىپ تۇرغاندا، بىر تەرەپتىن ئۇنى تونۇۋېلىشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىكايەتنامە يازغان.

# 45

## «ئوكيان»ناملىق پاراخوت

شەھەر ئەتراپىدىكى ئورمانلىقتىن، بىر ئايالنىڭ جەستى بايقالدى. قانۇن دوختۇرى تەكشۈرۈپ: «قاتىل ئۆلگۈچىنىڭ گې-لىنى تانا بىلەن سىقىپ ئۆلتۈرگەن، دېلو سادىر بولغىلى 3 كۈن بولغان، ۋاقتى سەيشەنبە كۈنى كېچە سائەت نۆل ئەتراپى» دەپ يەكۈن چىقاردى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆلگۈچى بىلەن ئىقتىسادىي ماجىرا-سى بار جىڭيەن ئەڭ چوڭ گۇماندار دەپ قارالدى، ۋە چاقىرتىل-دى.

جىڭيەن مۇنداق دېدى: «سەيشەنبە كۈنى كېچە سائەت نۆلدە مەن توكيو پورتىدىن لوئىر ئارىلىغا ماڭغان ‹ئوكيان› ناملىق پاراخوتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك بۆلمىسىدە ئۇخلاۋاتاتتىم.»

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، بۇ پاراخوت توكيودىن يولغا چىقىپ، جىي يېرىم ئارىلى تەۋەلىكىدىن ئۆتۈپ لوئېر ئارىلىغا بارغان، ئارىدا پەقەت توختىمىغان. «ئوكيان» ناملىق پاراخوتنىڭ كۈت-كۈچىسىمۇ جىڭيەننىڭ مۇشۇ پاراخوتتا ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن جىڭيەننى گۇماندارلار قاتارىدىن چىقىرى-ۋېتىشكە توغرا كەلدى.

جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى پىرىستاندا توختىغان «ئوكيان» ناملىق پاراخوتنى كۆرگەندىن كېيىن، جىڭيەننىڭ ھىيلە - مى-كىرى بىتچىت بولدى. بۇ پاراخوت ئۆز قەرەلىدە سەپەر قىلىۋاتـ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




قان بولسىمۇ، جېكيەن پۇرسەت تاپقان.

ساقچى تەرەپ ئۆزى بايقىغان ئەھۋالنى جېكيەنگە دېۋىدى، جېكيەن ياۋاشلىق بىلەن ھەممىنى تاپشۇردى.

ئوكيان ماركىلىق بۇ پاراخوت زادى قانداق پاراخوت؟ جېكيەن قانداق دېلو سادىر قىلدى؟

جاۋابى:



# 46

## ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدىكى بىلىم

8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر شەنبە كۈنى ئەتىگەندە، شەھەر باغچىسىدىن ئاق رەڭلىك سەككىز بەرگىلىك تۈگمە گۈل گۈللۈكىدە بىر جەسەت بايقالدى. قانۇن دوختۇرى، ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلگىنىگە تېخى بىر سائەت بولمىغان، دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەڭ زور گۇماندار جورجى تېپىلدى. نەق مەيداندىن تېپىلغان تاماكا قالدۇقىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تاماكا قالدۇقىدىكى شۆلگەي بىلەن ئۇنىڭ قان تىپى پۈتۈنلەي ئوخشاش چىقتى.

جورجى ئۆزىنىڭ باغچىدىن ئۆتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، لېكىن شەنبە ئەتىگەندە ئەمەس، جۈمە كۈنى كەچتە ئۆتتۈم، دېدى.

«ئۇ يەرگە نېمىگە بارغان ئىدىڭىز؟» دەپ سورىدى ساقچى.

«كەچقۇرۇندىكى تۈگمە گۈلىنى رەسىمگە تارتقىلى بارغان، ئاق ئېچىلىدىغان سەككىز بەرگىلىك تۈگمە گۈلى ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق بولىدۇ» دېدى جورجى.

«سىز ئۇنىڭ ئاق رەڭلىك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەمسىز؟»

«شۇنداق، جەزملەشتۈرەلەيمەن.»

«ئۇنداق بولسا، قاتىل سىز. سىزنىڭ باغچىغا بارغان ۋاقتىڭىز جۈمە كەچقۇرۇن ئەمەس، شەنبە ئەتىگەن، سىز مۇشۇ


www.uyghurkitap.com



ۋاقىتتا دېلو سادىر قىلغان.» جىنايى ئىشلار ساقچىسى شۇنداق كەسكىن ھۆكۈم قىلىپ، جورجىنى قولغا ئالدى.

جىنايى ئىشلار ساقچىسى جورجىنىڭ دېلو سادىر بولغان نەق مەيداندا يوقلۇق ئىسپاتىنى نېمىگە ئاساسەن ئاغدۇرۇۋەتتى؟

جاۋابى:



# 47

## بىر قاراپلا بىلمەك

گىر بولەندوٗننى بوٗروٗنلا يىغىشتوٗروٗۋەتمەكچى بولسىموٗ، لې-كىن ئىزچىل پوٗرسەت تاپالماي كەلگەنىدى. ئوٗ پوٗرسەت كەلدى دەپ قارىغان ۋاقىتتا، بولەندوٗن غايىپ بولدى.

گىر تەرەپ ـ تەرەپنى ئىزدىدى، ئاخىرى ئوٗنىڭ هاراقكەش جىيەنىنىڭ مەست ۋاقتىدا قىلغان گېپىدىن بولەندىنىڭ 10 مىليون دوللارلىق لاتارىيەگە ئىگە بولوٗپ، يوشوٗروٗنوٗۋالغانلىقىنى بىلدى.

گىر كوٚپ تەرەپتىن دېرەكلەش ئارقىلىق ئاخىرى ئوٗنىڭ توٗروٗشلوٗق ئادرېسىنى تاپتى ۋە دوستى خاركىن بىلەن بىللە بو-لەندوٗننى ئىزدەپ باردى، ئوٗ بولەندوٗندىن ئازراق قان چىقىرىپ، دوستلوٗققا يارىمايدىغان بوٗ ئەبلەخنى ئەدەپلەپ قويماقچى ئىدى.

دېلاۋىر كوچىسى 126 ـ نوموٗرلوٗق بىر ئاق بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، گىر ماشىنىنى توختاتتى.

خاركىن ئاۋال ماشىنىدىن چوٗشوٗپ، ئىشىكتىن كىرىپ چىراغنى ياقتى. بەش مىنوٗتتىن كېيىن، ئىككىيلەن بىنا ئوٗس-تىگە چىقىپ بولەندوٗننى تاپتى. ئوٗلار تورۇسقا ئېسىقلىق جە-سەتكە قاراپ هەيران بولوٗپ توٗرغاندا، بىنا ئاستىدىن «غىچ» قى-لىپ ئىشىك ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. گىر ئاۋاز ئارقا ئىشىك تەرەپتىن كەلدى دېدى، خاركىن ئوٗنىڭغا ئەگىشىپ بىنادىن چوٗشتى، دېگەندەك، ئارقا ئىشىكتە چىرايلىق بىر قىز توٗراتتى.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى = 2

«ئانام بۇ سۇتنى بولەندۇن ئەپەندىگە ئاپىرىپ بەر دېگەنىدى» دېدى قىز تاتلىققىنا، خاركىن سۇتنى ئېلىپ، قىز كەتكەندىن كېيىن دەرھال ساقچى ئىدارىسىغا تېلېفون بەردى. ساقچىلار يېتىپ كېلىپ، بولەندۇننى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن قولغا ئالدى.

ئېيتىپ بېقىڭە، بولەندۇننى ئۆلتۈرگەن قاتىل كىم؟

جاۋابى:

قاتىل كىم، بىرىنچىدىن، ئۇ بولەندۇننىڭ يېڭى ئىجارە ئۆيگە تۇنجى كەلگەن، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئارقا ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقىنى بىلەلىشى، ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇپ بەرگەنلىك، بۇ ئىككى ئىشقا ئاساسەن، خاركىن ساقچىلارغا كىمنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى مەلۇم قىلغان.

# 48

## كم ئوغرى

ئاسار ئەتقە سودىگىرى لوئەي يىقىندا چىن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت 20 تال تەڭگىنى قولىغا چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئوغلى لوۋېي دوستى ساڭنىنى باشلاپ ئۆيىگە كەلدى، ساڭنىمۇ قەدىمكى پۇلغا قىزىقىدىكەن، شۇڭا ئۇ لوۋېينىڭ دادىسىنىڭ ھېلىقى 20 تال تەڭگىسىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

ئۇلار مېھمانخانىدا تەڭگىلەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، لوۋېينىڭ دادىسىغا قايتۇرۇپ بەردى، لوۋېينىڭ دادىسى تەڭگىلەرنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ يىغىپ ـ ساقلاش خانىسىغا كىرىپ كەتتى.

يىغىپ ساقلاش خانىسىنىڭ سول تەرىپى لوۋېينىڭ ئۆيى، ئوڭ تەرەپتىكىسى كاتىپىنىڭ ئۆيى بولۇپ، ھەربىر ئۆينىڭ دېرىزە ئەينىكى سۇركەلگەن (قارشى تەرىپىنى كۆرگىلى بولمايدىغان) ئەينەك ئىدى.

لوئەي يىغىپ ـ ساقلاش خانىسىغا كىرىپ، تەڭگىلەرنى قويۇپ قويۇپ، تەرتى قىستاپ كەتكەچكە، تارتمىغا قۇلۇپ سالمايلا تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئىككى مىنۇتتىن كېيىن، تارتمىغا قۇلۇپ سالىدىغان ۋاقىتتا، تەڭگىلەردىن 10 تال كەم ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇلار ساڭنىدىن گۇمان قىلدى، ساڭنى «مەن ئالمىدىم» دېدى، ئۇلار ئاخىرى دانىشمەن باگۇلىنى تاپتى.

دانىشمەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆيلەرنى تەكشۈردى. ئۇ ئۆينىڭ سول تەرىپىدىكى ئىشىك تەرەپكە بېرىپ، يۈزىنى ئەينەككە يېقىپ سول تەرەپتىكى ئۆيگە


قارىدى، بۇ ئۆيدىن ئىشىككە يېقىن نەرسىلەر غۇۋا كۆرۈندى، يىراقتىكى نەرسىلەر ئېنىق كۆرۈنمىدى.

ئۇ يەنە ئوڭ - سول ئىككى ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سۈركەلگەن ئەينەكنى سىلاپ باقتى، ئىككى ئەينەكنىڭ سۈپىتى تامامەن ئوخشاش بولۇپ، بىر تەرىپى سىلىق، بىر تەرىپى سىلىق ئەمەس ئىدى، پەقەت سول تەرەپتىكى ئىشىك ئۈستىدىكى قى- يىلغان ئەينەكنىڭ سىلىق ئەمەس يۈزى يېغىپ ساقلاش ئۆيى تەرەپكە قارىتىلغان ئىدى، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىك بېشىنىڭ سۈركەلگەن ئەينىكىنىڭ سىلىق تەرىپى يېغىپ ساقلاش ئۆيىنىڭ بۇ تەرىپىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆي كاتىپ ئىشخانىسى ئىدى.

دانىشمەن بۇرۇلۇپ، قولىغا تۇكۇرۇپ قىرىلغان ئەينەككە سۈركەپ لوئەيگە: «بۇ يەرگە كېلىپ قاراپ بېقىڭ، كىمنىڭ تەڭگىلىرىڭىزنى ئوغرىلىغان ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلىسىز» دېدى.

لوئەي بېرىپ قاراپلا چۈشەندى، تەڭگىلەرنى ئوغرىلىغان ئا- دەم ئۇنىڭ كاتىپى ئىدى، ئۇنىڭ قىلمىشى ئاشكارىلانغاندىن كې- يىن، تەڭگىلەرنى ئۆزىنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

**جاۋابى:**



# 49

## سىگارەت چېكىش ئادىتى

پېشىر خوتۇن، بالىلىرىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمىدى، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئاشنىسى كاسىيانىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. كاسىيا پېشىرغا، ماڭا نۇرغۇن پۇل بېرىسىز، بولمىسا سىزنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. پېشىرنىڭ ئىلگىرى راستتىنلا پۇلى بارئىدى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ سودىسىدىن زىيان چىققان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي رەقىبىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئىچى - تېشىدىن قىيىنچىلىققا بوغۇلغان ئىدى... ئەگەر بۇرۇن بولغان بولسا، پۇل ۋە ئىمتىيازنىغا تايىنىپ، بۇ خوتۇننىڭ دېگىنىنى بېرىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان بولاتتى.

ئامال يوق، ئادەم كەمبەغەل بولسا، ئىرادىسىمۇ سۇنۇپ قالىدىكەن، ئۇ بۇ ئويۇننى بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇچۇن، ئاز - تولا پۇلنىڭ يولىنى قىلىپ، ئۇ خوتۇنغا ئاپىرىپ بەردى. كاسىيا پېشىرنىڭ ئۆزىنى قالەندەرنى ھەيدىگەندەك ھەيدىگىنىدىن نارازى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەرگەن پۇلنى ئالدى.

پېشىر كاسىيانىڭ يېزىپ بەرگەن ھۆججىتى ۋە ئايرىلىش خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزۈن بىرنى تىنىۋېتىپ، ئادەت خاراكتېرلىق ھالدا يانچۇقىدىن بىر تال سىگارەت ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق شوراپ چەكتى. خۇمارى بېسىلغاندىن كېيىن نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بۇ يەردىن كەتتى.

«خەير - خوش سۆيۈملۈكۈم، مەڭگۈگە خوش» ئىككىيلەن تەڭلا شۇنداق دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بىرى پېشىرنىڭ سىگارتنى چىشلىگىنىچە ئاغزى - بۇرنى قان ھالدا ماشىنىسىدا ئۆلگەنلىكىنى بايقىدى.

ساقچىلار سىگارتنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدا زەھەر يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئۇ كاسسىيانىڭ ئۆيىدىمۇ ھېچ-قانداق نەرسە يېمىگەن، ئىچمىگەنىدى. لېكىن بارلىق ئىزلاردىن كاسسىيانىڭ زەھەرلىك قول سالغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى!

رازۋېدكىچى ھورمۇس بۇ دېلو ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كې-يىن، سىگارت چېكىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ، بۇ دېلونى ئا-سانلا پاش قىلىپ، قاتىل كاسسىيانى قولغا ئالدى.

**جاۋابى:**

سىگارت چېكىدىغان ئادەملەر بىر تال سىگارتنى بىراقلا چەكمەيدۇ، يېرىمىنى چېكىپ ئۆچۈرۈپ قويۇپ، كېيىن چېكىدۇ. كاسسىيا مۇشۇ ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، كۈلدانغا زەھەر سۈركۈپ قويغان، پېشىر سىگارتنى چېكىپ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىچە زەھەر سىگارتقا سىڭىپ بولغان، پېشىر ماشىنىدا سىگارتنى ئېلىپ چەككەندە، سىگارتنىڭ زەھەر بار يېرى كۆيۈپ كەتكەچكە، سىگارتتا زەھەر بارلىقىنى تەكشۈرۈپ تاپقىلى بولمايدۇ.

# 50

## يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش ۋەقەسى

دورا دېگەن زەھەر دەيدىغان گەپ بار. تەڭشىلىش مىقدارى ئوخشاش بولمىغاچقا بەزى نەرسىلەر كېسەل داۋالىيالايدۇ. ئوخشاشلا تەڭشەش مىقدارى پەرقىمۇ ئادەم ئۆلتۈرەلەيدۇ.

قەبىلە باشلىقى سام ئۆزىنىڭ دادا بىر ئانا بولەك ئىنىسى سارىنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش كويىدا يۈرەتتى.

ئۇنىڭ بۇ ئىنىسى ئەقىللىق ھەم كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقاتتى. لېكىن ئۇنىڭ تېنى بەك ئاجىز ئىدى. شۇڭا ئادەتتە دورا بىلەن كۆپرەك ھەپىلىشەتتى.

ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ ئاكىسى سامنىڭ نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەم سامغا ئەپلىك بىر چارە ئۆگەتتى. ئاشپەزگە بىر شىرمىلىك دورىلىق تاماق تەييارلاتقۇزۇپ سارىنى زەھەرلىمەكچى بولدى.

سارى تۇخۇم، كالا تىلى بىلەن قوشۇپ پىشۇرۇلغان موگۇ، توڭلاتقان پېچىنە، ئادەمگىياھ قالغاچ چاڭگىسى ئۇمىچى، ئەنجۇر، ئۈزۈم قاتارلىق يېمەكلىكلەرگە قاراپ، ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا توڭلاتقان پېچىنىدىن ئىككى تەخسە يېدى، ئاخىرىدا ئازراق تاتلىق - تۈرۈملارنى يەپ، ئاغزىنى سۈرتۈپ تۈرۈشىغا، بىئارام بولۇپ، پۈت - قولى ماغدۇرسىزلىنىپ، ئاغزىدىن كۆپۈك ئېقىپ ئۆلدى.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى — 2

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، قورۇما تەييارلىغان ئۇستام كىچىك خوتۇنىنىڭ ئاكىسىدىن ئۆزىگە ئېگىشلىك ئىنئامنى تەلەپ قىلدى. كىچىك خوتۇنىنىڭ ئاكىسى ئۇستامدىن: «بۇ قورۇمىلارنى قانداق تەييارلىغان، ئادەم نېمىشقا مۇنداق ئاسان ئۆلىدۇ» دەپ سورىدى. ئۇستام كۆرەڭلىگەن ھالدا: «مەن قورۇمىلارنى ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن تەييارلىغان، ئۇنىڭ تەمى ئاچچىقراق بولسىمۇ، لېكىن مەن ئازراقلا ھۈنەر ئىشلىتىپ قويۇۋىدىم، مەقسەتكە يەتتۇق» دېدى.

**جاۋابى:**

زەھەرلىك دورا توڭلىتىلغان پىچىنىنىڭ ئىچىدىكى دېڭىز قۇلۇلىسى ئىچىگە سېلىپ قويۇلغان. سىلى ئىككى تەخسە توڭلىتىلغان پىچىنە يېگەندىن كېيىن، ئاغزى توڭۇپ ئۇيۇشۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن دېڭىز قۇلۇلىسى يېگەندە، زەھەرلىك دورىنىڭ ئاچچىق تەمىنى سەزمىگەن.

# 51

## يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلۇش

جىنايەتچى تۈرمىدىن قېچىپ كەتتى، ساقچىلار ئۇنى بىر ئىپتىدائىي ئورمانلىققىچە قوغلاپ باردى. بىردەم قوغلىغاندىن كېيىن ساقچى باشلىقى ھاۋا ئارمىيەسىنى ياردەم بېرىشكە، قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنىڭ ئورمانلىقتا دەرەخ تۈۋىدە توشقان كۈتۈشكە بۇيرۇق قىلدى.

بىر ئاي ساقلىغان بولسىمۇ، نىكنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، ساقچىلارمۇ قايتتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ يەنە پەيدا بولدى.

بۇ قېتىم ساقچىلار ئۇنى تېزلا قولغا چۈشۈردى. لېكىن يېرىم جان بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۆتكەن قېتىم ئورمانلىقتا تۇتالمىغان مولس ئۇنىڭدىن: «بۇ ئىپتىدائىي ئورمانلىقتىن قانداق چىقتىڭ؟» دەپ سورىدى.

نىك كۈچسىز قوللىرى بىلەن چاپىنىنىڭ يانچۇقىنى كۆرسەتتى. مولس ئۇنىڭ يانچۇقىنى بىر ھازا ئاختۇرۇپ، پەقەت بىر تال ياقا يىڭنىسى تاپتى. نىك ياقا يىڭنىسىگە تۈكۈرۈپ، ئاندىن ئۇنى كىيىمىگە ۋە چېچىغا سۈركىدى، مولس نىكنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشەنمىدى. نىك مولسنىڭ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ جاۋابىنى ئۆزى ئېيتىپ بەردى.


نىكنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان مولس «سەن ھەقىقەتەن تالانتلىق ئىگىسى ئىكەنسەن» دېدى.

www.uyghurkitap.com



## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

جاۋابى:



# 52

## قىلتاق ئۈستىگە قىلتاق

مور شىركىتى ۋەيران بولۇش ھارپىسىدا، خوجايىن ھېنرى بىلەن مەيك بوغالتىر ۋىماغا 2 مىلىيون ئامېرىكا دوللىرىلىق چەكتىن بىرنى يازدۇرۇپ، ساياھەت كېمىسىگە ئولتۇرۇپ چوڭ بىر سودا توختامى تۈزۈش ئۈچۈن ماڭدى.

ساياھەت كېمىسى گۇڭخەي دېڭىزىغا كەلگەندە، ئىككى خوجايىن ۋىمانى بىھوش دورىسى بىلەن ھوشسىزلاندۇرغاندىن كېيىن، بىر بېلىقچىغا پۇل بېرىپ، ئۇنى بىر ئارالغا ئاپىرىۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار ئۆزلىرى داۋاملىق ماڭدى. كىم بىلسۇن، ئىككى خوجايىن ئۆزلىرىنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ئادەم كۆچى بايلىقى باش نازارەتچىسى روسسۇ تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئىككى خوجايىندىن پايدىلىنىپ، ئىشنى شامال كىرمىگۈدەك قىلدىم دەپ ئويلىغان بۇ كىشى، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئەھۋال كۆزەتتى. دەرۋەقە، ئۈچ كۈندىن كېيىن ساقچىلار بۇ ئادەمنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ بۇ ئىشنى بوغالتىر ۋىماغا دۆڭگەپ قويدى.

ئىككى خوجايىننىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلگەن ۋىما ئۆزىنىڭمۇ

قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، گىرىم قىلىپ يو-شۇرۇنۇۋالدى، لېكىن بېلىقچى تەمىنلىگەن يىپ ئۇچى بىلەن ئۇمۇ قولغا ئېلىندى.

لېكىن بۇ ئىشنىڭ بېلىقچى بىلەن ۋىماغا ئالاقىسى يوق بولغاچقا، دېلو تەكشۈرۈش ئىشى قاتمال ھالغا چۈشۈپ قالدى، دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ قاتىللىق ئىزلىرى يوق ئىدى.

رازۋېدكىچى ئىشنى باشتىن باشلاشقا مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مور شىركىتىگە بېرىپ، يېڭىباشتىن يىپ ئۇچى ئىزدىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى ساياھەت كېمىسى قايتۇرۇپ كېلىپ، پىرىستانغا توختىتىپ قويۇلغان ئىدى، بۇنىڭغا ئوخشاش ساياھەت كېمىسىدىن يەنە بىر نەچچىسىمۇ ئۇ كېمە بىلەن بىللە توختىتىپ قويۇلغان ئىدى. رازۋېدكىچى كېمىلەرنى بىر - بىرلەپ كۆزەتمەكتە ئىدى. رازۋېدكىچى بۇ كېمىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ قۇيرۇق قىسمىدا ناھايىتى روشەن ئىككى ئازگالنىڭ بارلىقىنى بايقىدى، بۇ موتور قوشۇپ ئىشلەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

بۇ بايقاش ئۇنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتتى، ئۇ سۇ ترانسپورت ئىدارىسىغا بېرىپ، كېمە ئىگىسىنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ، ئاخىرى قاتىلنىڭ كىملىكىنى بىلدى. رازۋېدكىچى پىرىستاندا يېڭى يىپ ئۇچىغا ئېرىشكەنلىك خەۋىرىنى مور شىركىتىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، قاتىل شۇ كۈنى ئاخشىمى پىرىستانغا كېلىپ، ئىزنى يوقاتماقچى بولغاندا قولغا چۈشتى. پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا، ھېيلىگەر قاتىل ئاخىرى ھەممىنى تاپشۇردى.

جاۋابى:

[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 53

## بېلىق تۇتۇش

جويىس لويىدىن 200 مىڭ فونستېرلىڭ قەرز ئالغىلى ئۈچ يىل بولدى، يېقىندا لويىنىڭ سودىسىدىن زىيان چىققاچقا، جو-يىستىن قەرزنى سورىغانىدى، لېكىن جويىسمۇ قىيىن ئەھۋالدا بولغاچقا، ئاۋۋال ئۆسۈمنى قايتۇراي، دەسمايىنى بىر ئايدىن كېيىن بەرسەم، دېدى. لويى كۆپ يىللىق دوستلۇقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ماقۇل بولدى.

بۇ كۈنى لويى جويىسنى ساقلىدى، لېكىن ئۇ كەلمىدى، بۈگۈن ئۇ دېڭىز بويىغا بېلىق تۇتقىلى بارماقچى ئىدى، نەرسە-كېرەكلىرىنى تەييارلاپ تۇرۇشىغا جويىس كەلدى.

«كەچۈرسەن، يولدا ماشىنا توسۇلۇپ قالدى، بېلىق تۇتقىلى بارامسەن؟»

«شۇنداق، مېنىڭ ھەر يەكشەنبە كۈنى بېلىق تۇتقىلى بارىدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟»

«ھى - ھى، سېنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭ بولىدۇ، جۇمۇ. كۆڭ-لۈڭنىڭ ئارامى بولمىسىمۇ بېلىق تۇتقىلى رايىڭ بار. بۇ ئۆسۈ-مى، سانىۋال، ئاندىن ماڭا ھۆججەت يېزىپ بەر.»

لويى ھۆججەت يېزىۋاتقاندا، جويىسنىڭ ئىچىگە جىن كى-رىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن لويىنىڭ ئۆيى-دىكى پولات لوڭقا بىلەن لويىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئۇ لوينىڭ جەستىگە قاراپ، گۇماندىن قۇتۇلۇش چارىسىدىن بىرنى ئويلاپ تاپتى.

ئۇ بايا ئۆزى بەرگەن ئۈسۈم پۇلنى ئېلىۋالدى، ھەمدە بىخەتەر ئىشكاپتىن قەرز ھۆججىتىنى ئېلىۋېلىپ، لوينىڭ جەستىنى گىلەمگە يۆگەپ، ماشىنىنىڭ كەينىدىكى ساندۇققا سالدى. ئاندىن ماشىنىنى ھەيدەپ، لويى دائىم بېلىق تۇتىدىغان جايغا باردى. ئۇ جەسەتنى ماشىنىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى نەق پۇل ۋە پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، جەسەتنى تېيىز سازلىققا تاشلىۋەتتى. بېلىق تۇتۇش بىلىمىدىن خەۋەرسىز بۇ ئادەم، بېلىق تۇتۇش سايمانلىرىنى لوينىڭ تەييارلىقىغا ئوخشاش ساھىلغا تاشلاپ قويدى، ئۇنىڭچە مۇشۇنداق قىلسا، لويى بۇ يەرگە كېلىپ، بېلىق تۇتۇشقا ئولتۇرغاندا، قارانىيەت كېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر ساختا كۆرۈنۈش ھاسىل بولاتتى.

ئۇ ساختا نەق مەيداننى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، لوينىڭ ماشىنىسىنى قويۇپ، بۇ يەردىن دەرھال كەتتى، ھەمدە ئايلىنىپ چوڭ يولغا چۈشۈپ، كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىردى.

3 ـ كۈنى، دەريا ساھىلىدا ياتقان جەسەت بايقالدى. بۇ دېلونى پاش قىلىشقا مەسئۇل بولغان خونتىر، ساھىلدىكى بېلىقچىلىق سايمانلىرىنى قولىغا ئېلىپ كۆرگەندىن كېيىن، كەسكىن قىلىپ: «ئۆلگۈچى بۇ يەردە ئۆلمىگەن، بەلكى بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاندىن بۇ يەرگە ئەكىلىپ قويۇلغان. قارىغاندا قاتىلنىڭ بېلىق تۇتۇشتىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىكەن» دېدى.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

جاۋابى:

نەق مەيداندىكى بېلىق تۇتۇش سايمانلىرى — قارماق خادىسى، يىپ، قارماق، لەيلىگۈچ، يەمچۈك قاتارلىقلار ئەمەلىيەتتە دېڭىزدا بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار بولۇپ، لويى دېڭىز بويىغا بېرىپ بېلىق تۇتماقچى ئىدى. جويىس لوينىڭ دەريا بويىدا بېلىق تۇتقانلىقىنىلا كۆرگەن، شۇڭا بۇ قېتىممۇ خاتا ھالدا ئۇنى شۇ يەرگە بارىدۇ، دەپ قاراپ، جەسەتنى دەريا بويىغا ئەكىلىپ قويغان. ئۇ ئۆلگۈچىدىن بۈگۈن بېلىقنى نەدىن تۇتىدىغانلىقىنى سورىۋالمىغان. مانا بۇ جىنايەتچىنىڭ ساختا نەق مەيدان ياساپ قۇيرۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويغان ئاجىزلىقىدۇر.

# 54

## سۆزسىز ئىسپات

شىمىن بىلەن مارۇي بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقاندا، مارۇينىڭ ئېرى بايقاپ قالدى.

مارۇي ئېرىگە يالۋۇرۇپ ھەم كاپالەت بېرىپ، ئۆزىنى كەچۈ-رۇشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن ئۇ شىمىن بىلەن يەنە يوشۇرۇن ئالاقە قىلىپ تۇردى.

بىر كۈنى، بۇ ئىككىسى كۆڭۈل ئېچىپ بولغاندىن كېيىن، مارۇي بۇنداق كېتىۋەرسە سارالڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيت-تى.

شىمىن «بۇنداق كۈنلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ ئامالىغۇ بار لېكىن، سىز جۈرئەت قىلالامسىزكىن» دېدى.

مارۇي شىمىننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئويلىنىپ باقىدىغان بولدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن مارۇي «سىزنىڭ دېگىنى-ڭىزدەك بولسۇن» دېدى.

مارۇينىڭ ئېرى كېسەل بولۇپ، كاربىۋاتتىن قوپالمايتتى، شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن مارۇينىڭ ئېرىنى بىھوش دورىسى بىلەن سەزگۈسىنى يوقىتىپ، ئاندىن يۇزىگە يوتقان يېپىپ قويۇپ، تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن قىلىدىغان بولۇپ كېلىشتى.


ئۇلار ئىشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئىككىنچى كۈنى مارۇي ساقچىلارغا تېلېفون بېرىپ، ئېرىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى مە-لۇم قىلدى.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

كىم بىلسۇن، جەسەت تەكشۈرگىلى كەلگەن قانۇن دوختۇرى جەسەتنى ئۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، جەزم قىلغان ھالدا جەسەت ئورنىدىن يۆتكەلگەن، دېمەك، باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دېدى.

ھەممە ناھايىتى تېزلا مارۋىنىڭ ئېرىنى ئۆلتۈرگەنلىك ئىسپاتىنى تاپتى.

**جاۋابى:**



# 55

## قورام تاش ئاپتوبۇستا بولغان بولسا

يەكشەنبە كۈنى ئەتتىگەندە، H دۆلىتىگە كەلگەن ياپونىيەلىك قىز ئوقۇغۇچى چيەنداۋ يۈيېزى ساياھەت ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلماقچى بولدى. ئۇ ئەسلى، يەكشەنبە بولغاندىكىن ئادەم ئاز، دەپ ئويلىغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئاپتوبۇستا ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى. چەت ئەل تىلىنى ئانچە ياخشى بىلمەيدىغان بۇ قىزنىڭ بويى پاكار بولغاچقا، ئاپتوبۇستا قىستىلىپ، ئاپتوبۇس ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئۇ بۇنىڭدىن بەك خاپا بولدى.

ئاپتوبۇس يولنىڭ يان تەرىپىدە قورام تاش بار بىر يول بۆلىكىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپ، ئادەم ئېلىشىنىلا بىلىپ، نورمىدىن ئارتۇق ئادەم ئالسا، خەتەر چىقىشىنى بىلمەيدىغان بېلەتچىنى ئەدەپلەپ قويماقچى بولدى.

ئاپتوبۇس بېكەتكە كىرگەندە چيەنداۋ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، ئاپتوبۇسقا چىقىدىغانلارغا يول بوشىتىپ بەردى، ئاپتوبۇس قوزغالماقچى بولغاندا ئۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «سىلەرنىڭ ساياھەت شىركىتى ساياھەتچىلەرنى نېمە كۆرىسىلەر؟ ئارقا ئىشىكتىن مېنى قىستاپ چىقىرىۋەتتىڭلار، نەتىجىدە سول قولۇم تاشقا تېگىپ كېتىپ يارىلاندى» دەپ ۋارقىرىدى.

بېلەتچى ئەسلىدە ئۇنىڭغا ئاچچىق قىلماقچى ئىدى، ليكىن ئۇنىڭ ياپونچە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، ماشىنىنى توختىتىپ ۋە ساياھەتچىلەرگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى چۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى = 2

زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدى.

چيەنداۋنىڭ سول قولى ئىتتىك ئەسۋابتا يارىلانغاندى، شۇڭا بېلەتچى ئاۋۋال تېڭىپ قويماقچى بولدى، لېكىن چيەنداۋ، ئىسپاتنى يوقاتماقچى بولدى، دەپ تۇرىۋالدى.

ئىككى ئادەم زادى كىمنىڭ راست دەپ تالىشىۋاتقاندا، قات-ناش توسۇلۇپ قالغانلىقتىن ساقچىلار يېتىپ كېلىپ، ئىشنىڭ جەريانىنى سورىدى.

«مەن ماشىنىغا چىقاي دەپ، ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ، ماشىنىغا پۇتۇمنى ئېلىشىمغا، ئالدى تەرەپتىن بىر ۋېلسىپىت چىقىپ قالدى، شوپۇر دەرھال ئاپتوبۇسنى سولغا بۇرىغان ئىدى، مەن ماشىنىدىن چىقىپ كېتىپ، قولۇم سول تەرەپتىكى تاشقا سوقۇلۇپ كەتتى» دېدى چيەنداۋ يۈيېزى.

«ئالدى تەرەپتىن ۋېلسىپىت چىقىپ قالدى دېگىنىڭىز راستمۇ؟»

«ئەلۋەتتە راست، شۇ چاغدا مەن ئالدى تەرەپكە قاراپ تۇرات-تىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، خاتا كۆرۈپ قالمىدىم.»

كەچۈرسىز، خېنىم! ئەگەر تاش داۋاملىق ماشىنىدا تۇرمىدد-غان بولسا، دېگەنلىرىڭىز پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مۇشۇ كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن، ئالدامچىلىق قىلدى دەپ ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىدۇ!»

چيەنداۋ قىزىرىپ كېتىپ كۆپچىلىكتىن ئەپۇ سورىدى، ھەممە «بۇ دۆلەتنىڭ قاتناش ساقچىلىرى قالتىس ئىكەن!» دېدى.

**جاۋابى:**

ئاپتوبۇس ئىشىكى ئاپتوبۇسنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولىدۇ. ئۇ ئالدىمغا قاراپ تۇراتتىم دېدى. ئەگەر ئۇ يارىلانغان بولسا، سول قولى ئەمەس، ئوڭ قولى يارىلانغان بولاتتى.

# 56

## غەلتە يېزىق

ئادەتتە دەريا بويىدا شاھمات ئوينايدىغان لودى بوۋاي بۈگۈن كەلمىدى، كوچىلىك بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلدى، چۈنكى ئۇ ئىلگىرى كەلمەيدىغان بولۇپ قالسا، كوچىلىككە دەپ قوياتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە بوۋاي، لودىنىڭ ئۆيىنى بىلىدىغان بىرسىنىڭ باشلىشى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى، بىرنەچچە قېتىم چاقىرغان بولسىمۇ، ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە بولمىدى. ئۇلار دېرىزە يوچۇقىدىن قارىغان ئىدى، ئۆيدە بىرى سۇناي-لىنىپ يېتىپتۇ، ئۇلار ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىپ قارىسا، لودى بوۋاي ئۆلگەنىكەن.

ساقچىلار دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ تەكشۈردى.

قاتىللىق نەق مەيداندا ئېلىشقان، تىركەشكەن ئىزلار يوق ئىدى، بۇ قاتىل بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ تونۇشلاردىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. ئۆلگۈچىنىڭ قولىدا توپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر نەچچە سان ۋە ھەرپلەر W 312M تۇراتتى.

بۇ دېلوغا مەسئۇل ساقچى، بۇ ھەرپلەرنى ئۆلگۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىدى، لېكىن بۇلارنىڭ مەنىسى نېمە؟

ساقچى ئويلىنىۋاتقاندا، مۇشۇ رايوننىڭ ئامانلىق ساقلىغۇ-

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى ـ 2

چىسى كېلىپ، نەق مەيداننى كۆرۈپ: «جىنايەتچى مۇشۇ بىنانىڭ ئۇدۇلىدىكى M بىناسى 312 نومۇردا ئولتۇرۇشلۇق ۋېنسېن» دېدى.

**جاۋابى:**

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

# 57

## ئايلىنالايدىغان قەبرە تېشى

گولف توپ ماھىرى گىل 5 يىلنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا، ئايالىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر گولف توپ شەكىللىك قەبرە تېشى ئورنىتىپ قويۇشىنى ۋەسىيەت قىلغانىدى.

ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئايالى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى.

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، ئايالى تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ماتەم بىلدۈرۈۋېتىپ، گولف توپ شەكىللىك قەبرە تېشى ئالدىدىكى كىرېستىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. قارىغاندا قەبرە تېشى ئەسلىي ئورنىدىن 1/4 ئارىلىققا يۆتكەلگەندەك قىلاتتى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھورمۇس، غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، بىۋاستە تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن، تۇپراق بېشىغا كەلدى.

قەبرىستانلىق بىر دۆڭلۈكتە بولۇپ، قەبرە تېشى جەنۇبقا قارىتىپ تىكلەنگەن؛ ئەتراپى سىم تور بىلەن ئوراپ قويۇلغان؛ قەبرىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەي ئۈستىدە، دىئامېتىرى تەخمىنەن 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان يۇمىلاق تاش بولۇپ، قەبرە تېشىنىڭ يۇمىلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئورنىتىپ قويۇلغان؛ ئۇ يەردە بىر ئويمان جاي بولۇپ، قەبرە تېشى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندى، ھازىر كىرېست ئاشۇ يەرگە كۆمۈلگەن بولۇپ، ئورەكتە


# بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

ئازراق سۇ بارئىدى، ئۇ يەرگە يېشىل ئوتلار ئۈنۈپتۇ. ئەگەر بىرسى بۇزغۇنچىلىق قىلسا، ئۇ يۇمىلاق تاشنى قوپارغۇ بىلەن يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنداق بولغاندا ئوت - چۆپلەر ئۇستىدە ئۇنىڭ ئىزى قېلىشى كېرەك. لېكىن قەبرە تېشى ئۇستىدە مۇنداق ئىزلار يوق ئىدى، ئەتراپتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، قەبرە تېشىنى بىر، ئىككى ئادەم يۆتكىيەلمەيتتى.

ئەنگلىيەنىڭ قىش پەسلى بەك سوغۇق بولىدۇ. گىلىنىڭ ئايالى جەنۇبتىكى داچىسىغا بېرىپ قىش ئۆتكۈزىدۇ، باھاردا قايتىپ كېلىدۇ، ھەر قېتىم يولدىن ئۆتكەندە ئېرىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ يوقلايدۇ، ھەر قېتىم بارغاندا قەبرە تېشىنىڭ ئورنىنىڭ ئازراق يۆتكەلگەنلىكىنى بايقايدۇ.

ھورمۇس ئۆزى كۆرۈپ، ئايالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئاخىرى قەبرە تېشىنىڭ يۆتكىلىش سەۋەبىنى چۈشەندى.

جاۋابى:



# 58

## توغرا ۋاقت

2004 ـ يىلى قىش پەسلىدە، ياپونىيەنىڭ شىنسۇدا 5 بال يەر تەۋرەپ، نۇرغۇن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتتى، ياپونىيەنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى ۋە دېڭىز مۇداپىئە ۋازارىتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىپ، ئادەم ۋە مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە كونترول قىلىشقا تىرىشتى.

ئاختۇرۇپ قۇتقۇزغۇچىلار شەھەر ئىچىدىكى بىر ئېگىز بىنانىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى بىر ئۆيدىن بىر ياش ئايالنىڭ جەسىتىنى بايقىدى. ئۇ ياتاق ئۆيدىكى كارىۋات ئۈستىدە گېلى سىقىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى سائەت 9 يېرىمدىن 10 غىچە بولغان ئارىلىقتا بولغان دەپ جەزم قىلىندى. جەسەت بايقالغاندا، ئۆيدە تەۋرەشكە قارشى ئاپتوماتىك ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلغان گاز ئوچىقىدا ئوت كۆيۈپ تۇراتتى. ئۇ ئايال ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىغان ياكى يەر تەۋرەشتە ئۆلمىگەن بولغاچقا، ساقچىلار ناھايىتى تېزلا تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. نەق مەيدان تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئاشخانىدىكى قاچا ـ قۇچا ئىشكاپى ئۆرۈلۈپ، ھەممە يەر قاچا ـ قۇچا سۇنۇقلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى، بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن بەزى ساقچىلار، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى يەر تەۋرەشتىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن، ئەگەر يەر تەۋرىگەندىن كېيىن ھايات بولغان بولسا، بۇ نەرسىلەرنى يىغىشتۇرغۇزۇۋېتەتتى، دەپ قارىدى.

لېكىن، كېيىن يېتىپ كەلگەن رازۋېدكىچى چۆەنداۋ ئۇنداق قارىمىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، يەر تەۋرەشتىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن.

بۇنىڭ ئاساسى نېمە؟

ئاساس مۇشۇ گاز ئوچىقى. قاتىل دېلونى يەر تەۋرەشتىن بۇرۇن يۈز بېرىپتۇ دېگەن ساختا چۈشەنچە پەيدا قىلىش ئۈچۈن، قاچا - قۇچا ئىشكاپىنى مەقسەتلىك هالدا ئۆرۈپ، قاچا - قۇچىلارنى چېقىۋەتكەن، لېكىن ئۇ، گاز ئوچىقىنى ئېتىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغان. مانا بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى.

جاۋابى:

5 بال يەر تەۋرىسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆي بىنانىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تۇرسا، بىنا ئەلۋەتتە كۈچلۈك لىڭشىيدۇ، بۇ هالدا گاز ئوچىقىدىكى ئوت ئۆزلۈكىدىن ئۆچىدۇ. گاز ئوچىقىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەنگىچە ئۆچمەسلىكى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ يەر تەۋرەشتىن كېيىن هايات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ يەر تەۋرەشتىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، قاتىل يەر تەۋرەشتىن كېيىن گاز ئوچىقىنى يېقىپ قويۇپ ئاندىن قېچىپ كەتكەن بولىدۇ.

## ئەمالار يېزىقى ئارقىلىق دېلو سادىر قىلىش

*ئەمالار يېزىقى بارماق ئۇچىنى قەغەز يۈزىدىكى چىقىپ تۇرغان يۇمىلاق نۇقتىغا تەگكۈزۈپ ئوقۇيدىغان يېزىق بولۇپ، مەخسۇس ئەمالارنىڭ يېزىشى ۋە ئوقۇشى ئۈچۈن لايىھەلەنگەن.*

ئەمالار يېزىقىنى 1829 ـ يىلى فىرانسىيەلىك ئەما بولەيىي كەشىپ قىلغان. ياپونىيەدە 1890 ـ يىلى (مىگجىزنىڭ 32 ـ يىلى) توكيو گاس ـ گاچىلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى شىچۇەن ساگىسى بۇنى ياپونچىغا تەرجىمە قىلغان.

نۇقتىلىق خەت نۇقتىنىڭ تىزىلىش تەرتىپىگە ئاساسەن ئىپادىلىنىدىغان يېزىق بولۇپ، بۇ كۆزى روشەنلەر ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيىتى يوق نەرسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رازۋېدكا رومانلىرىدا، ئەمالار يېزىقى ئاددىي بېشارەت ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋاستىسى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 59

## پوچتا ماركىسى قەيەرگە كەتتى

پوچتا ماركىسى يىغقۇچى تامىنىڭ 30 مىلىيون دوللار قىممىتىدىكى دۇنياغا مەشھۇر ئەتىۋارلىق پوچتا ماركىسى كۆرگەزمىسى قىلىنىپ، نۇرغۇن ھەۋەسكارلارنى قىزىقتۇردى، لېكىن، ئەتىسى كىشىلەر بۇ ماركىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بايقىدى.

دېلو مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، ساقچىلار ئوغرىنى تۇتالمىدى.

تام ساقچىلار ئۈستىدىن ئەرز قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بىرى «مەلۇم بىر كىمئارتۇق شىركىتى تامىنىڭ ماركىسىغا ئوخشايدىغان بىر ماركىنى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىپتۇ» دېدى. ساقچىلار دەرھال جىنايەتچىنىڭ ئۆيىدىن بۇ قاپ يۈرەك ئوغرىنى تۇتتى.

لېكىن ئۇ ئەبلەخ ناھايىتى كۆرەڭ، خورىكى ئۈستۈن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ماركىدىن بىرنى ساتقانلىقىنى، ھازىر ئۇنىڭ بۇيەردە يوق ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ساقچىلار يامان بولسا، ئۇنى تېپىپ ئالسا، ياۋاشلىق بىلەن ساقچىلارغا ئەگىشىپ ساقچى ئىدارىسىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ گېپىنى قىلىپ بولۇپ، مەيدىسىدىكى گۈلنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى، بىر ئىستاكان قەھۋە قۇيۇپ، پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، ساقچىلارنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشنى كۈتۈپ تۇردى.

ساقچىلار ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۈستىبېشىنى ئالا قويماي ئاختۇردى، لېكىن پوچتا ماركىسىنى تاپالمىدى. يەنە ئۇنىڭ كىيىملە-

ـرىنى، ئايغى، پايپاقلىرىنى سالدۇرۇپ ئاختۇردى، يەنىلا ھېچنېمە تاپالمىدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇردى، بۇ ئۆيدە بىر دانە تۆمۈر شىرە ۋە بىر شامالدۇرغۇچتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. شامالدۇرغۇچ پىرقىراۋاتاتتى. شىرەنىڭ تارتمىسىنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلار پول، قۇدۇق قاتارلىق جايلارنى پۇتۇنلەي ئاختۇرۇپمۇ، يەنىلا ھېچ نەرسە تاپالمىدى.


«ھەي، زادى ئۇنى قەيەرگە يوشۇردۇڭ؟»

ساقچى قانداق سوئال سورىشىدىن قەتئىينەزەر، جىنايەتچى مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەرمەيتتى.

بۇ ناھايىتى قىممەتلىك پوچتا ماركىسى بولغاچقا، ئوغرى ئۇنى ئەلۋەتتە سىرتقا تاشلىۋەتمەيدۇ - دە، چوقۇم يېنىدا بىر يەرگە يوشۇرىدۇ. ساقچىلار ئېھتىيات بىلەن شامالدۇرغۇچنى ئورنىدىن يۆتكەپ كۆردى. ماركىنى يەنىلا تاپالمىدى.

ساقچىلار ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغاندا، شەخسىي رازۋېدكىچى خونتىر پوچتا ماركىسىنىڭ ئىگىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن يېتىپ كەلدى. خونتىر شامالدۇرغۇچقا، ئوغرىنىڭ كۆكرىكىگە تاقىۋالغان گۈلگە قاراپ كۈلۈپ كېتىپ: «ھەممىڭلارنىڭ كۆزۈڭلار قارىغۇ بولۇپ قالدىمۇ، پوچتا ماركىسى مانا بۇ يەردە تۇرمامدۇ؟» دېدى.

**جاۋابى:**



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 60

# نەق مەيدان يوق قاتىل

ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگىرىنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىرسى بايقىدى.

ئۇ كارىۋاتقا باغلىنىپ، بېشىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۆلگەن ۋاقتى تەخمىنەن كەچ سائەت ئون يېرىمدىن 11 گىچە بولغان ئارىلىق ئىدى. ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىدىكى قاننى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، ئۆلگۈچى ئۆلۈشتىن بۇرۇن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن.

تاپانچا كارىۋاتنىڭ بېشىغا مۇقىم ئورنىتىلغان بولۇپ، تاپانچىنىڭ تەپكىسى ئۇزۇن تانا بىلەن باغلاپ قويۇلغان، تانىنىڭ بىر ئۇچى چوڭ تاشقا چىگىپ قويۇلغان بولۇپ، تانا ئىشىك بېشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، يەردىن 5 سانتىمېتىر ئېگىز قىلىپ ساڭگىلىتىپ قويۇلغانىدى.

رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق ئىككى گۇمانلىق ئادەم ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلدى.

ئۇنچە - مەرۋايىت دۇكىنىنىڭ تۇرمۇش كاتىپى مۇنداق دېدى: «ئۇ كۈنى كەچ سائەت 7 دە خوجايىن بىلەن كۈڭۈل ئاچقاندىن كېيىن، ئوغۇل دوستۇمدىن تېلېفون كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كەتكەن ئىدىم. بۇ سائەت 8 بولغان چاغ ئىدى، بۇنىڭغا ئوغۇل دوستۇم ۋە تېلېفون خاتىرىسى ئىسپات بولالايدۇ.»

ئۇنچە - مەرۋايىت دۇكىنىنىڭ ئايال خىزمەتكارى مۇنداق

دېدى: «مەن خوجايىن بىلەن تۇرمۇش كاتىپىنىڭ كۆڭۈل ئې- چىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ قىلىدىغان ئىشنى قىلىپ بولۇپ، دەرھال بۇ يەردىن كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن بەكمۇ بىزار ئىدىم. مەن بۇ يەردىن سائەت 9 دا كەتتىم، بۇنىڭغا ئوغۇل دوستۇم ئىسپات بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بۈگۈن كەچ سائەت 9 يېرىمدا ئۆتكۈزۈلەتتى.»

نەق مەيداندا ئىت، مۈشۈكمۇ يوق، ئىشىك - دېرىزىلەر مەھكەم ئېتىلگەن، قاتىل زادى كىم، ئۇ قانداق ۋاستە بىلەن تاپانچىنى ئاتقان؟

جاۋابى:

قاتىل ئايال خىزمەتكار. ئۇ قۇرۇق مۇزدىن پايدىلىنىپ دېلو سادىر قىلغان. چۈنكى پەقەت شۇنىڭلا قاتىللىق ۋاقتى بار ھەم شۇنداق نىيىتى بار. چۈنكى ئۇ خوجايىن بىلەن تۇرمۇش كاتىپىنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىدىن ھەسەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بىزار. ئۇلار ئىشنى تۈگىتىپ خوجايىن ئارام ئېلىۋاتقاندا، ئايال خىزمەتكار ئىشىك بېشىغا چوڭ بىر پارچە قۇرۇق مۇز قويۇپ قويغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئۇچىغا تانا باغلانغان تاشنى ئېلىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن مۇز ئېرىپ بارغانسېرى كىچىكلىگەن، تاش بولسا تۆۋەنگە چۆككەن، تاش ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، تانىنى تارتىپ تۈزلىگەن، شۇنىڭ بىلەن تاپانچىنىڭ تەپكىسى ھەرىكەتلىنىپ ئوق چىققان.

جەسەت بايقالغان چاغدا، مۇز پۈتۈنلەي ئېرىپ بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئەقلىي خۇلاسىگە ئائىت تارىخىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش

## — نىقابلىق ئۇسسۇل

بوران -چاپقۇنلۇق بىر ئاخشىمى قىزىل ئايال چولپان چېيەندەيزىنىڭ 3 - ئىبرى جىنگوڭ ۋۇچىنىنىڭ جەستى ئىشخانىسىدا بايقالدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىككى يىل ئىچىدە، چېيەندەيزىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ئەرلىرى غەلىتە ئۆلگەن... ئىلگىرى - كېيىن يۈز بەرگەن بۇ ئۈچ ئىش، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر گۇمان پەيدا قىلدى. بۇ ئىشنى كىشى ھەرقانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يەتكىلى بولمايتتى.

جىنتىيەن يىگوڭ ئاخىرى بۇ تۆمۈر دەرۋازىنى ئاچتى! ئۇ «سەرمىنكە تېلى سۈرىتى سىرى» نى ئېچىپلا قالماستىن، دېلو بېجىرگۈچى باشقا خادىملارنىڭ «ئارىلىشىشى» غىمۇ تاقابىل تۇردى...

كىتابتىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى نىقاب تاقاپ، غەرەزلىك، غەرەزسىز ھالدا، راست - يالغان ئارىلاشقان «نىقابلىق ئۇسسۇل» ئوينايدىغان ئىشنى بارلىققا كەلتۈردى...

جىنتىيەن يىگوڭ راست - يالغان ئىچىدىن قانداق قىلىپ «نىقابلىق ئۇسسۇل» ئارقىسىدىكى «سىرلىق قارا قول» نى تارتىپ چىقىرىپ، نىقابنى يىرتىپ تاشلىدى؟

بۇ رومانىنىڭ ئاپتورى، بۇ ھەقتە 10 يىلدىن ئارتۇق ئويلانغان، ھەمدە پۈتۈن زېھنى بىلەن ئەقلىي خۇلاسىگە ئائىت كاتتا رومانى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان.

# 61

## غەلتە ئاياغ ئىزى

شەھەرلىك ئورمان باغچىسىدا قاتىللىق دېلوسى يۈز بەردى.

ئۆلگۈچى كىچىك پۇتلۇق ئايال بولۇپ، تاپانچىنىڭ پايىنكى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.


نەق مەيداندا بىر رەت چوڭ ئاياغ ئىزى، بىر رەت كىچىك ئاياغ ئىزى ۋە يەنە بىر رەت چوڭراق ئارا ئاياغ ئىزى بارئىدى. ئاياغ تەھلىلىدە، چوڭ پۇت قاتىلنىڭ پۇتى، كىچىك پۇت ئۆلگۈچىنىڭ پۇتى، چوڭراق ئارا پۇت بولسا يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئىزى دەپ قارالدى. لېكىن بۇ يەردە باغچىغا كىرگەن ئىز بولۇپ، كەتكەن ئىز يوق ئىدى.

ئۆلگۈچىنىڭ هايات ۋاقتىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئەر دوستىنىڭ ئىزى ھېلىقى چوڭ ئاياغ ئىزى بىلەن ئوخشاشلىقى بايقالدى. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار ئۇ ئەرگە خەۋەر قىلدى.

ماھىر رازۋېدكىچى خونتىر ئۇ ئەرنىڭ پۇتى بىلەن قولىنى كۆرگەندىن كېيىن «قاتىل دەل مۇشۇ ئادەم شۇ» دېدى.

بۇ ئەر تىلىنى چاينىاپ: «شۇنچىلا چوڭ پۇت بىردەمدە شۇنچىلا كىچىكلەپ كېتەمدۇ؟ مەن شۇنچىلىك كىچىك ئاياغنى كىيىپ قانداق قېچىپ كېتەلەيمەن» دېدى.

جاۋابى:



## بارماق ئىزى

كىچىككىنە بارماق ئىزى، قانداق قىلىپ شۇنداق كۈچلۈك ئىسپات بولۇپ قالدى؟ بارماق ئىزىدا مۇنداق قانۇنىيەت بار:

1. بارماق ئىزى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ — بارماق ئىزى ئادەم تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە پەقەت ئۆزگەرمەيدۇ.

2. بارماق ئىزى ئوخشاش بولمايدۇ — بارماق ئىزى ئوخشاش ئادەم يوق.

بارماق ئىزىنىڭ بۇ ئىككى ئالاھىدىلىكى، بارماق ئىزىنى بىر ئادەمنى پەرقلەندۈرىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك ئىسپاتقا ئايلاندۇرغان. بىر ئالىم 460 مىليارد بارماق ئىزى ئىچىدە پەقەت بىر جۈپلا بارماق ئىزىنىڭ ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققان. ھازىرقى دۇنيا نوپۇسى 4 مىليارد 6 يۈز مىليون بولسا، بارماق ئىزى سانى 460 مىليارد بولىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى دۇنيا نوپۇسى ھازىرقىدىن 1.4 ھەسسە ئاشمىسا، بارماق ئىزى ئوخشاپ قالىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. باشقا ئالىملار، ھېسابات كۆپىنچە پەرەز، شۇڭا كەلگۈسىدە نوپۇس كۆپەيگەن تەقدىردىمۇ، بارماق ئىزىنىڭ ئوخشىماسلىق پىرىنسىپى ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ قارىماقتا.

# 62

## ئۇلار قەيەردىن كەلگەن

فىننى ئۇچۇق - يورۇق، تېتىك، دوست تۇتۇشقا ئامراق
قىز. ئۇ ئۆزىگە بەك ئىشىنىدۇ، قانداقلىكى ئادەمنى كۆرسە ئۇ-
نىڭ سالاھىيىتى، كەسپى، ياكى تۇرىدىغان جايىنى بىلىۋالالايدۇ،
بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان.

يازلىق تەتىل مەزگىلىدە، ئۇ ئايروپىلان بىلەن ساياھەتكە
چىقماقچى بولۇپ، كۈتۈش ئۆيىدە، 5 ئەرنىڭ پاراڭلىشىۋاتقانلى-
قىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۆزلىرىنىڭ چامادانلىرى تۇرات-
تى. بىر چامادانغا فىرانسىيە پارىژنىڭ ئادرېسى، يەنە بىرىگە
ھىندىستان يېڭى دېھلى دەپ يېزىلغان. باشقا 3 چامادانىنىڭ
ئۈستىگە يېزىلغان جاي ئىسىملىرى ئامېرىكا چىكاگو، نيۇيورك
ۋە برازىلىيە باسلىيە دەپ يېزىلغان. فىننى دەسلەپتە ئۇلارنىڭ
قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلمىدى، ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى گەپلىرد-
نى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەقىللىق قىز ئاخىرى بىلىۋالدى.

A: مەن بەك تولا سىرتتا ساياھەت قىلىمەن، شىمالىي ئا-
مېرىكىغا كۆپ قېتىم باردىم، لېكىن جەنۇبىي ئامېرىكىغا بېرىپ
باقمىدىم، كېلەر ئايدا پارىژغا بارماقچى بولۇۋاتىمەن.

B: ۋاقتى كەلگەندە مەن جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىن
يولغا چىقىپ، سىز بىلەن ئاشۇ يەردە ئۇچرىشىمەن، ئۆتكەن يى-
لى مەن چىكاگوغا بىر قېتىم بارغان.


C: ئۆتكەن يىلى مەن ئامېرىكىنىڭ چىكاگوغا بارغان.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى ـ 2

D: مەن ئەزەلدىن ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىغان، پاسپورتتىن قارىغاندا سىلەر تۆتۈڭلار باشقا ـ باشقا دۆلەتلەردىن كەپسىلەر.

E: توغرا، بىز 4 چوڭ قىتئەنىڭ 5 جايىدا تۇرىمىز.

جاۋابى:



# 63

# تېلېۋىزور سېتىۋېلىش

يېڭى ئېچىلغان ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى سودا شەھەر-چىسى تىجارەت باشلىدى، ئەمدىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقان تام، تودى، بىل ۋە جون قاتارلىقلار بۇ يەردىن ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى سېتىۋالماقچى بولدى.

ئۇلار ئاۋۋال تېلېۋىزور سېتىۋالىدىغان بولدى. پىركازچىك: «قۇياش ماركىلىق تېلېۋىزورنىڭ باھاسى 900 دوللار، ئاۋتى ماركىلىقنىڭ 500 دوللار، جايس ماركىلىقنىڭ 1000 دوللار، بىل ماركىلىقنىڭ باھاسى 950 دوللار» دېدى.

ئۇلار تۆتەيلەن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ياخشى كۆ-رۈشكە ئاساسەن، ئايرىم - ئايرىم بىردىن تېلېۋىزور سېتىۋال-دى. ئۇلار تېلېۋىزورلارنى ئەرزان ئالغانلىقى ئۈچۈن، پاراڭلاش-قاچ سودا شەھەرچىسىدىن چىقىپ كەتتى.

تام: «مەن بۇ تېلېۋىزورغا 900 دوللار خەجلىدىم» دېدى. «شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ جونىنىڭكىدىن قىممەت. مەن ئەرزان بىر خىلىنى تاللىدىم» دېدى تودى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، «مېنىڭ سېتىۋالغىنىم سېنىڭكىدىن ئەرزانراق» دېدى جون تودىغا.

يۇقىرىدىكى دىيالوگلارغا ئاساسەن، تۆتەيلەن ئايرىم - ئايرىم قايسى ماركىلىق تېلېۋىزور سېتىۋالغان؟

# بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

**جاۋابى:**

تام قۇياش ماركىلىق تېلېۋىزور، تودى جايىس مار-
كىلىق تېلېۋىزور، بىر ئاۋتى ماركىلىق تېلېۋىزور، جون
بىر ماركىلىق تېلېۋىزور سېتىۋالغان.

# 64

## گاز چىقىپ كېتىش

ئەتىگەندە ئىشقا ماڭماقچى بولۇۋاتقان يورگىن كارىدورغا چىقىپ، قويۇق گاز پۇرىقىنى بايقىدى.

يورگىن جىددىي سىگنال قوڭغۇرىقىنى باستى ۋە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، قايسى ئۆيدىن گاز چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تەكشۈردى. نەتىجىدە مۇشۇ بىنادىكى بىرىنىڭ ئۆيدىن گاز چىقىپ كەتكەنىدى، ئۇ بۇ يەردىن تېلېفون بىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، بىنانىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئاندىن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە تېلېفون بەردى.

ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر كېلىپ ئۇ ئۆيگە كىرگەندە، ئۆي ئىگىسى ئاللىبۇرۇن كارىۋىتىدا ئۆلۈپ قالغانىدى. ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالغاندىن كېيىن بىر ئادەمنى ساقچىلارغا ھەمكارلىشىشقا قالدۇرۇپ كەتتى.

تۈرىبىدىن كۆپ مىقداردا گاز چىقىپ كەتكەچكە ئىتمۇ ئىگىسى بىلەن بىللە ئۆلگەن ئىدى. لېكىن نېمە ئۈچۈنكى، ئىتنىڭ قۇيرۇقىغا بىر سىقىم يۇمشاق ياغاچ باغلاپ قويۇلغان ئىدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى كەچ سائەت 10 يېرىم ئەتراپىدەپ بېكىتىلدى.

ئۆينىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى مەھكەم ئېتىلگەن بولۇپ، ناھايىتى ھىم ئىدى. شۇڭا گازنى ئېچىپ 30 مىنۇت ئىچىدىلا ئادەم ئۆلتۈرگىلى بولاتتى، يەنى، قاتىل كەچ سائەت 10 يېرىم

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 2

ئەتراپىدا گازنى ئېچىۋېتىپ قېچىپ كەتكەن.

قاتىلنى تۇتۇپ سوراق قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ كەچ سائەت 9 دىن ئەتىسى ئەتىگەنگىچە نەق مەيداندا بىرىپ باقمىغانلىقىنى تولۇق دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇنداق بولسا، قاتىل قانداق ۋاسىتە بىلەن گازنى تەخمىنەن بىر سائەتتىن كېيىن چىقارغان؟

جاۋابى:

يۇمشاق ياغاچقا دىققەت قىلسىلا سىر يېشىلىدۇ. قاتىل ئىتقا ئۇيقۇ دورىسى يېگۈزگەن ياكى ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىتنىڭ قۇيرۇقىغا چىگىپ قويۇلغان يۇمشاق ياغاچنى گاز تۇرۇبىسىغا تىقىپ قويغان. بۇنداق قىلغاندا گاز تۇرۇبىسىنى ئېچىپ قويغان تەقدىردىمۇ، گازمۇ چىقىپ كەتمەيدۇ. سائەت 10 ئەتراپىدا ئىت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ھەرىكەت قىلغاندا، يۇمشاق ياغاچ تۇرۇبىدىن چىقىپ كېتىپ، گاز ئېچىلىپ كېتىدۇ. 30 مىنۇتتىن كېيىن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئۆيگە گاز توشۇپ كېتىپ، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكتىن تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ.

# 65

## باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن

ئەتىگەندە چېنىقىشنى ئادەت قىلغان مەيكۇر بوگونىمو يوگ ـ رۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دەرەخ ئاستىغا كېلىپ ئىچكەك ئېلىش مەشقى قىلىۋېتىپ، تويۇقسىز دەرەخ بىلەن قوروق تام ئارىسىدا ياتقان بىر ئەرنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ قالدى.

ئۇنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن چارلاش ساقچىلىرى دەرھال مۇشۇ رايون تەۋەسىدىكى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلدى.


جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى نەق مەيداننى تەكشۈردى. دەرەخ تۈۋىدە بىر جۈپ چىغ ئاياغ تاشلاقلىق تۇراتتى. ئاياغ كىيگەن ئىككى پۇتنىڭ ئۇچىدىن تاپىنىغىچە سۈرۈلۈپ كەتكەن يارا ئىزى، ئۇيۇغان قان تۇراتتى. بوينىدا پاشا چاققانغا ئوخشاش قىزىل بارئىدى. بۇلارغا ئاساسەن، ئۆلگۈچى قورغان تامدىن ئارتىلىپ ئوغرىلىق قىلماقچى بولغاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلگەن دەپ قاراشقا بولاتتى.

رازۋېدكىچى كېلىپ، بىر نەچچە جىنايى ئىشلار ساقچىسىغا تەنبىھ بەردى: «سىلەرمۇزە، ئازراقمۇ ئېھتىيات قىلمايدىكەنسىلەر، بۇ ئادەم دەرەختىن چۈشۈپ كەتمىگەن. بىرسى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، غەرەزلىك ھالدا مۇشۇنداق ساختا نەق مەيدان ياساپ قويغان» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جاۋابى:





# 66

## يېزىپ بولۇنمىغان 8

بويتاق قىز جاۋچۇەن يۇمېينىڭ ئۆيىدىن نەچچە كۈندىن بېرى بىرخىل سېسىق پۇراق چىقىۋاتاتتى، بىناغا قارايدىغان كىشى بۇ ئەھۋالنى خوجايىنغا مەلۇم قىلدى. خوجايىن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ قارىسا، يۇمېي ئۆلۈپ يېتىپتۇ.

جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى نەق مەيداننى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە تەخمىنەن 10 كۈن بولغان دەپ قارىدى. ئۆي ئىچى تېمپېراتۇرىسى بەك يۇقىرى بولغاچقا، جەسەت ئاللىبۇرۇن چىرىپ كەتكەن ئىدى. چىرىگەن جەسەت شىرە ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. شىرە ئۈستىدە خەت تولدۇرىدىغان ئويۇنچۇق دەپتەر تۇراتتى، ئۆلگۈچى تېخى يېزىپ بولالماي تۇرۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانىدى.

ئۆيدە بىرقان يۇقى پىچاق بارئىدى. لېكىن ئۆلگۈچىنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق پىچاق يارىسى يوق ئىدى.

دېرىزە قاتارلىقلار مەھكەم ئېتىلگەن بولۇپ، ئىشىك، چاي شىرەسى قاتارلىق جايلاردا قاتىلنىڭ پۇت - قولىنىڭ ئىزلىرى يوق ئىدى.

ساقچىلار ئۇمىدىنى ئاشۇ خەت تولدۇرىدىغان ئويۇنچۇق دەپتىرىگە باغلىدى. لېكىن ساقچىلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلمەيتتى. ئۇلار مۇشۇ دەپتەردىن يىپ ئۇچىغا ئېرىشىشنى ئۇمىد قىلاتتى.


ئۇلارنىڭ باشلىقى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن غەلىتە-

لىنىڭ ھېس قىلىپ، ئۇنى قولىغا ئېلىپ قارىدى، كۆرۈپ بولۇپلا دەپتەرنىڭ ئاق يېرىدە يېزىپ بولۇنمىغان 8 گە ئوخشايدىغان خەتنى كۆردى. باشلىق ئۇشتۇۋېتىلگەن قېرىنداشنى كۆرۈپ، ھەممىنى چۈشەندى ۋە دەرھال ئاشۇ بىنانىڭ 3 ـ، 5 ـ، 8 ـ قەۋەتلىرىدىكى قىزلارغا ئۇقتۇرۇش قىلدى.

3 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى قىز ئۆلگۈ-چىنى تونۇمايمەن، دېدى.

5 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى قىز مەن ئەمدىلا كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلدىم، دېدى.

8 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى قىز ئۆلگۈ-چىنىڭ يۈرەك كېسىلى بارئىدى، ئۇ كې-چىچە ئويۇنچۇق ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى، دېدى.



جاۋابى:

قاتىل 8 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق قىز بو-لۇپ، ئۆلگۈچى يېزىپ بولالمىغان S گە ئوخشايدىغان خەت ئەمەلىيەتتە 8. چۈنكى ئۇ يېرىمىنى يېزىپ بولغاندا قەلەمنىڭ ئۇچى سۇنۇپ كەتكەن، شۇڭا يېزىپ بولالمىغان 8 خېتى S كە ئوخشاپ قالغان. يەنە بىرى ئۇ ئۆلگۈچى-نىڭ بىرمۇنچە شەخسىي مەخپىيەتلىكىنى بىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 67

## ھىيلە - مىكىرنىڭ ئاشكارىلىنىشى

ياز ئايلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى نەشرىيات باشلىقى يىتتىڭنىڭ ئۆيىدىن ئۇنىڭ جەسىتى بايقالدى، ئۇ كۈتۈپخانىسىدا ئۆلگەن ئىدى.

ئۇ ئوڭ قولىدا تاپانچا تۇتقان بولۇپ، بىر پاي ئوق كاللىسىغا تەگكەن، چېكىسىدىن ئاققان قان گىلەمنىڭ يېرىمىنى بويۇۋەتكەنىدى.

شىرە ئۈستىدە بىر شامالدۇرغۇچ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ۋەسىيەتنامە تۇراتتى. ۋەسىيەتنامىگە: «كەسىپتە مەغلۇپ بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالدىم» دەپ يېزىلغان ئىدى.


ھاۋا تەڭشىگۈچتىن چاتاق چىققان بولسا كېرەك، شامالدۇرغۇچ ئىشلىتىلگەن، لېكىن ئۇنىڭ سىمى توكتىن ئېلىۋېتىلگەن ئىدى. نەشرىيات باشلىقى ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ چۈشكەندە تېگىپ كېتىپ چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ساقچىلار ئېھتىيات نۇقتىسىدىن چىقىپ، شامالدۇرغۇچنى توكقا چېتىپ كۆردى، لېكىن شامالدۇرغۇچ ئايلانمىدى.

جىنايى ئىشلار ساقچىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئەمەس، باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. قاتىل نەشرىيات باشلىقىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ساختا ۋەسىيەتنامىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ

قويۇپ، نەق مەيداندىن قىچىپ كەتكەن.»
ئۇنداق بولسا، جىنايى ئىشلار ساقچىسىنىڭ پاكىتى نىمە؟

جاۋابى:



# 68

## قارىغا ئېتىش نىشانىدىكى مەخپىيەتلىك

مەلۇم كۈنى كەچ، ئايال مۇخبىر جىشياڭ ئۆيىگە كېلىپ، ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، ئۇزچات كۈنۈپكىسىنى بېسىۋىدى، چىراغ يانمىدى.

سىرتقا چىقىپ قاراپ بېقىپ، بىخەتەر سىمىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، ئۇ بىخەتەر سىمنى ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مۇنچىغا چۈشمەكچى ئىدى. ئۇ مۇنچىدا ناتونۇش بىر قۇتا چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى بايقىدى. بۇنى قاچان سېتىۋالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. جىشياڭدا ئادەتتە مۇشۇنداق تۇيغۇ بارئىدى. ئۇنىڭ دوستى سەيسەيزى دائىم چاقچاق قىلىپ، يېڭىنى كۆرگەندە كونىسىدىن ۋاز كېچىدۇ، دەيتتى. جىشياڭ ئاغزىنى ئېچىپ پۇراپ بېقىۋىدى، پۇرىقى ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇشۇ سۇيۇقلۇق بىلەن چېچىنى يۇيدى.

ئۇ يۇيۇنۇپ بولۇپ، ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كارىۋاتتا يېتىپ، ئۈستەل چىرىغىنى ياقىدىغان چاغدا، قولىغا توك سوقتى، ئۇ نەدىن توك تەپكەنلىكىنى تەكشۈرەي دەپ، شۇنداق يېقىنلىشىشىغا «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يەرگە يىقىلىپ، شۇ ھامان نەپەستىن توختىدى.

قاتىل 30 مېتىر يىراقتىكى ئۇدۇل بىنادىن ئاتقان بولۇپ، ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدە قېلىن پەردە بولغاچقا، چىراق يورۇق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى سىرتتىن كۆرگىلى بولمايتتى.

قاتىل قانداق قىلىپ بىر پاي ئوق بىلەنلا ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى؟

**جاۋابى:**

[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 69

## يالغان گەپ

چۈشتىن كېيىن سائەت 3 دە، چياۋبىن ئولتۇرغان ئۆينىڭ خوجايىنى پەسىللىك ئۆي ئىجارىسىنى يىغىدىغان چاغدا، چياۋ-بىننىڭ ۋاننىدا ئۆلگەنلىكىنى بايقىدى. قورقۇنچاق خوجايىن دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ساقچىخانىنىڭ جىنايى ئىشلار ساقچىسى سەنتيەن، شۇ ھامان بىر توپ ئادەمنى باشلاپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. قانۇن دوختۇرى تەكشۈرۈپ «يۈرەك كې-سەلى بىلەن تەبىئىي ئۆلگەن» دېدى.

سەنتيەن ئالدىراپ سورىدى: «قاچان ئۆلگەن؟»

قانۇن دوختۇرى: «تەپسىلىي ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن جە-سەتنى ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك، لېكىن تەخمىنەن تۈنۈگۈن كەچ سائەت 9 دىن 11 گىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلگەن» دېدى.

نەق مەيداننى تەكشۈرگەندە، مۇنچىنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈك-لۈك بولۇپ، ھېچقانداق ئېلىشقان، تىركەشكەن ئىزلار، ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ قالايمىقان ئۆرۈلگەن ئىزلىرى بايقالمىدى، ئى-شىك، دېرىزە قاتارلىقلارمۇ نورمال ئىدى.

«تۈنۈگۈن كەچتە ئۇ ئاغىنىسى يېنسلاڭدىن قەرز ئالغىلى بارىمەن دەپ كەتكەن، قاچان قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمىدىم» دېدى ئۆي خوجايىنى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئاشۇ يەردە قونۇپ قالاتتى.

سەنتيەن يېنسلاڭنى تاپتى. يېنسلاڭ: «چياۋبىن راستىنلا

كەلگەن. كەچتە ھاراق ئىچكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەنە بىر دوستى بەنبىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكەن، چىۋىبىن ماڭىدىغان چاغدا، ئۆي ئىجارىسىنىڭ ئىشى ھەل بولدى، بىرىپ مۇنچىغا چۈشۈپ راسا بىر ئۇخلىۋالاي دېگەنىدى» دېدى.

«سىلەر سائەت نەچچىدە كەتكەن؟»

«9 بولاي دەپ قالغان چاغقۇ دەيمەن.»

«يىگىت، راست گەپ قىلمايۋاتىسىز، ئۆلگۈچى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلگەن، ۋاقىت سائەت 9 دىن 11 گىچە بولغان ئارىلىق، مېنىڭ ھۆكۈمۈمگە ئاساسلانغاندا، مۇنچا بىرىنچى نەق مەيدان ئەمەس.»

يېنسىلاڭ بىلەن بەنبىن سەنتيەننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئۇ ئىككىسى زادى نەدە كەتكۈزۈپ قويدى؟ سەنتيەن مۇنداق كەسكىن ھۆكۈم قىلىدىغان يىپ ئۇچىغا نەدىن ئېرىشتى؟

جاۋابى:

سېنتىيەن مۇنچىنىڭ چىرىغى يېقىلمىغانلىقىدىن بىلگەن. ئەگەر ئۆلگۈچى راستىنلا سائەت 9 دىن 11 گىچە يۇيۇنغان ۋاقىتتا، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلگەن بولسا، مۇنچىنىڭ چىرىغى يېقىقلىق بولغان بولاتتى. كېچىدە مۇنچىغا چۈشكەندە ئادەتتە چىراغنى ياندۇرۇپ قويىدۇ، ھېچكىم قاراڭغۇدا يۇيۇنمايدۇ. سېنتىيەن مۇشۇنىڭدىن يېنسىلاڭ بىلەن بەنبىننىڭ راست گەپ قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

一分钟探案.2：维吾尔文／(日)高桥升平主编；阿卜力米提·穆海麦德·罗根译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.3
(享受少儿名著丛书. 第5辑)
ISBN 978-7-5469-1442-8

Ⅰ.①一… Ⅱ.①高… ②阿… Ⅲ.①智力游戏—少儿读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①G898.2

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第035733号

丛 书 名　享受少儿名著丛书 - 5 (7)
书　　名　一分钟探案.2
策　　划　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
主　　编　高桥升平
翻　　译　阿卜力米提·穆海麦德·罗根
责任编辑　买哈巴·铁外库
责任校对　努尔阿利亚·阿布都克热木
特约校对　阿不都热依木·阿不力米提
封面设计　努尔买买提·吾买尔
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本　880×1230mm　1/32
印　　张　5.125
版　　次　2011年3月第1版
印　　次　2011年3月第1次印刷
书　　号　ISBN 978 - 7 - 5469 - 1442 - 8
总 定 价　224.00元 (全10册)

(书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

چاھار دەرۋىش

قىسسەئى مەشرەپ

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

ئۇيغۇر خەلق بالىلار قوشاقلىرى

جاھاننامە

بىر مىڭ تۇلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى -1

**بىر مىڭ تۇلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى -2**

بىر مىڭ تۇلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى -3

بىر مىڭ تۇلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى -4

بىر مىڭ تۇلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى -5

12.00

ISBN 978-7-5469-1442-8

9 787546 914428 >

总定价：224元（全10册）